

سوئاد دەرۋىش (تۈركىيە)

# ئەنقەرە مەھبۇسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سوئاد دەرۋىش (تۈركىيە)



# ئەنقەرە مەھبۇسى

ياسىن سېيىت تەرجىمىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جياڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1983-يىل 8-ئاي 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据江西人民出版社1983年8月第1版，1983年8月第1次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان

## ئەنقەرە مەھبۇسى

ئاپتورى: سوئاد دەرۋىش (تۈركىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سىيىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3-باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7.125، قىستۇرما ۋارىقى: 1
1993-يىل 1-ئاي 1-نەشرى
1997-يىل 12-ئاي 2-بېسىلىشى
تىرىژى: 5,001 — 10,000

ISBN7 — 228 — 02310 — 2/I·799
باھاسى: 6.50 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

سوئاد دەرۋىش تۈركىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ئايال يازغۇچىسى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۆمرىدە يىگىرمىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە نۇرغۇن شېئىر يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى كەڭ. ئۇ مۇخبىر بولغان.

«ئەنقەرە مەھبۇسى» ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: ئالىي مەكتەپنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىسى ۋاسىف، قوشنىسىنىڭ قىزى زۇلەيبەنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. لېكىن، مال-دۇنياغا بېرىلگەن زۇلەيبە، ئۆز رازىلىقى بىلەن ۋاسىفنىڭ قېرى تاغىسىغا تېگىدۇ. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئۈمىدىنىڭ بەربات بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاسىفنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى زۇلەيبەگە بوھتان چاپلايدۇ. زۇلەيبەگە بۇرۇنقىدەكلا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەن ۋاسىف، بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كېلىدۇ - دە، بىر نەۋرە ئىنىسىنى ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاسىف ئون ئىككى يىل تۈرمىدە ياتىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندا زۇلەيبەنى ئىزلەيدۇ. ئەمما ياش، چىرايلىق زۇلەيبە، سەت، ئاچكۆز ئايال سودىگەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. زۇلەيبە ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلغان ۋاسىف، يوقسۇزچىلىق ھەم بەختسىزلىك ئىلكىدە، يەنىلا تۇرمۇشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. يازغۇچىنىڭ، خىيال بىلەن رېئاللىقنى ئۆۋەت بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ يازغان بۇ ئەسىرى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ.

## 1

ئەڭ ئاخىرقى ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ بېشى سەل ئايلىنىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. ھاياجانلىنىشتىن شۇنداق بولۇۋاتقىنى يوق. ئۇ شۇ تاپتا ھېچنېمىنى ھېس قىلالمايتتى ۋە ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق، روھىمۇ قېتىپ قالغانىدى. ئۇنى ناھايىتى تىنچ ھالەتتە، ياكى ئۆلگەن ئادەمدەك سېزىمىنى يوقاتقان ھالەتتە دېسىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىدە دۇپۇلدەپ جىددىي سوقۇۋاتقان يۈرىكىلا ھايات ئىدى.

ئۇ ئون ئىككى يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى، ھەر سائەت مۇشۇ پەيتنى — دائىم ئېتىك تۇرىدىغان مۇشۇ ئىشىك ئېچىلىدىغان پەيتنى كۈتۈپ كەلگەنىدى. ئۇ مۇشۇ پەيتتە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر ئەسەبىي خۇشاللىق — ئادەتتىكى خۇشاللىق ئەمەس — ئەسەبىي خۇشاللىق چىرمىۋالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. ئۇ ئەركىنلىككە چىقتى، ئون ئىككى يىل تۈرمىدە يېتىپ ئاندىن ئەركىنلىككە چىقتى. بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ!

دەرۋازا ئالدىدا ياش بىر تۈرمە ساقچى دوستانىلىك بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— يول بولسۇن! سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

ئۇ ۋاسىفقا سەپسىلىپ قارايتتى. ۋاسىف ئارىسالدا

بولغاندەك، قورققاندەك جايىدا مىدىرلىماي تۇراتتى. كەيىندىكى تۇرمە دەرۋازىسى يېڭىباشتىن يېپىلدى، ئۇ سىرتتا قالدى. ۋاسىف ساقچىغا قاراپ زورمۇزور كۈلمەكچى بولدى. ساقچى ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق بىلەن:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ خالىسىڭىز ئاگاھلاندۇرۇپ قويay، بۇ يەردىن چاققان كېتىڭ، — دېدى.

ۋاسىف يانچۇقىدىن بىر قاپ تاماكا چىقىرىپ ساقچىغا سۇندى.

— ياق، رەھمەت، دىجورنى ۋاقتىدا تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ.

— ئېلىڭ، سەل تۇرۇپ چەكمەمسىز.

— رەھمەت ئەمىسە، ئېيتىڭا بۇرادەر، تۇرمىدە قانچە ئۇزۇن ياتتىڭىز؟

— ئون ئىككى يىل، يەتتە كۈن، ئۈچ سائەت، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاسىف كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھا! ھا! ھا!

ۋاسىفنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا ئازابلىق بۇ ئۈچ سائەتنىمۇ تىلغا ئالغانلىقىدىن بۇ ياش ساقچى كۈلۈپ كەتتى.

— كېپىڭىزگە قاراڭ، ئۈچ سائەت دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەسقۇ — ... دېدى ئۇ كۈلگىنىچە.

ئۆمرىدە تۇرمىدە يېتىپ باقمىغان بۇ ياش نېمىنى بىلسۇن؟ ۋاسىف بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ساقچى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ھەقىقەتەن ئۇزۇن يېتىپسىز! — دېدى.

— شۇنداق.

— ئىنشائاللا بولارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. سىز ئەمدى يېڭىدىن تۆرەلدىڭىز، سىزگە بەخت تىلەيمەن.

ۋاسىق شۇئان تىترەپ كەتتى. ئۇ يېڭىلا تىرىلدىمۇ؟ ياق ئۇ يېڭىدىن تۆرەلدى! ... ھايات — ھەر بىر ئادەمگە بىرلا قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى ئون ئىككى يىلدىن بۇيان توختاپ قالغانىدى. سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ئون ئىككى يىللىق تۇرمۇشتىن كېيىن ئەسلىدىكى تۇرمۇشنى قايتا باشلايدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. نە قەدەر ئازابلىق يىللار... ئۇ ساقچى بىلەن خوشلاشتى. چامادانىنى كۆتۈرۈپ ناتونۇش ئەنقەرە شەھىرىنىڭ شەھەر مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئەنقەرە شەھىرىدە توققۇز يىل تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما شەھەرنىڭ ئوي - دۆڭىنى بىلمەيتتى. ئۇ قولغا ئېلىنىپ دەسلەپكى ئۈچ يىلنى ئىستانبۇلدىكى بىر تۈرمىدە ئۆتكۈزدى. كېيىنلىكەندىن كېيىن ئەنقەرەگە ئېلىپ كېلىنگەنىدى. شۇڭا قاياققا مېڭىشنى بىلمەيتتى. باشقىلاردىن سوراشقا تېخى تىلى بارمايتتى. بۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭدىكى باللارغا خاس ئۇياتچانلىق تۇيغۇسى يول قويمايتتى. ئۇ مەيلى كىم بولسۇن، گېپىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، كىملىكىنى شۇ ھامان پەرەز قىلىۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى... ئۇ قانداقمۇ باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولسۇن؟ ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىش توغرا كەلگەچكە، ئۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە تۈرمىدىن سىرتقا ئىككى قېتىملا چىققان.

ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ئاستا كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە:

— مەن ئەركىنلىكتىن ئايرىلغان مۇشۇ ئون ئىككى يىلنى سارالڭ بولۇپ قالماي قانداق ئۆتكۈزگەندىمەن؟ — دەيتتى. ئۇنىڭغا ئون ئىككى يىلنىڭ كېيىنكى توققۇز يىلىنى ئۆتكۈزمەك بەك قىيىنغا توختىدى. دەسلەپكى ئۈچ يىل ئۇنىڭغا ئانچە بىلىنمىگەنىدى. ئاددەتتە دەۋالىشىش ئارقىلىق ئەسلى ھۆكۈمنى بىكار قىلدۇرىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ۋاسىف ئۈمىدىنى مۇشۇنىڭغا باغلىغانىدى. ئۇ چاغدا ئاپىسىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق باتۇر، شۇنداق مېھرىبان ھەم شۇنداق بىچارە ئاپىسى يالغۇز ئوغلى ئۈچۈن ھەر قانداق قۇربان بېرىشكە رازى ئىدىكى، ھەرگىز ئىككىلەنمەيتتى. ئۈچ يىل داۋامىدا، ئۇ ئاپىسىنىڭ تەڭداشسىز مېھرىنى ئىسپاتلاپ، ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن نەرسىلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. قېلىن، ئېگىز تاملار بىلەن مەھكەم ئېتىكلىك ئىشىكلەر ئۇنى يۈرەك پارىسىدىن ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھامان بىر ئامال قىلىپ ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا بالىلىق چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ياردەم قىلىشقا مەڭگۈ تەييار تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوغلىنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئوغلىغا ئوغلى ياقتۇرۇپ يەيدىغان بىر نەچچە خىل قورۇما، بىر نەچچە تال تاماكا ياكى بىر نەچچە قۇر پاكىز كۆڭلەك كىرگۈزۈپ بېرەتتى.

ۋاسىف كېسىلگەندىن كېيىن ئەنقەرەگە ئېلىپ كېلىندى. ئوغلىغا ئۆزىنىڭ يەنىلا ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا مەدەتكار بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش

ئۈچۈن ئۇمۇ ئەنقەرەگە كەلدى. ئۇنى يېڭىباشتىن ئىستانبۇل تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىش توغرۇلۇق ئوغلىغا ۋەدە بەردى.

ۋاسىفنىڭ ئاپىسى ئەنقەرەدە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئىستانبۇلغا كەتتى. ئۇ يەنە كەلمەكچى بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئاخىر بىر دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدا جان ئۈزدى.

ۋاسىف بالىلىق چاغلىرىدا ئاپىسى ھەمىشە ئۇنىڭغا:

— كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سەن مەشھۇر دوختۇر ياكى پروفېسسور بولساڭ، قېرىپ ماغدۇرىمدىن كەتكەن چاغدا ھالىمدىن خەۋەر ئالىسەن، — دەيتتى.

بۇ بىر خىيال، يەنە كېلىپ شېرىن خىيال ئىدى. ۋاسىفنىڭ سەۋەنلىكى بۇ خىيالنى بەربات قىلىۋەتتى. ئاشۇ كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەندە ۋاسىف تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئىككى يىلدىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرەتتى.

شۇ بەختسىزلىكنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاز كېچەلمەيدىغان، سەكراتتا يېتىپ قالغان چاغدا ئاپىسىنىڭ بېشىدا تۇرۇش ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىشكە قىيمايدىغان نېمىسى بار؟

ئاپىسىدىن ئايرىلىش بىلەن ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك بولدى. بىرەر ئادەمنىڭ مېھرىگە ئېرىشكەن مەھبۇس مەڭگۈ مەھبۇس ھېسابلانمايدۇ... ۋاسىف ئەنقەرە تۈرمىسىدە توققۇز يىل ياتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇنى ھېچكىم يوقلاپ كەلمىدى.

ھەر قېتىملىق تۇغقان يوقلاش كۈنىدە تۈرمىنىڭ ئىچى بايرام كەيپىياتىغا چۆمۈلەتتى. مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇشۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئېلىشاتتى، چاچلىرىنى تارىشاتتى. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆز كىيىملىرىنى كىيىشىگە رۇخسەت قىلىناتتى. كىيىم - كېچەكى يوقلار بىرىنىڭ كۆڭلىكىنى يەنە بىرىنىڭ ئىشتىنىنى كىيىپ تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. بۇنداق كۈنلەردە ۋاسىق ھەممىشە بىر بۇلۇڭدا بويىنىنى قىسىپ قالاتتى، پۇقراچە كىيىنمەيتتى، يوقلاپ كېلىدىغان ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنىمۇ يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ تۈرمە نازارەتچىسى ئىسمىنى چاقىرغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى.

ۋاسىق ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئەركىنلىككە... ئەركىنلىككە ئېرىشتى... تۆت ئەتراپىنى مەھكەم قورشاپ تۇرغان تاملاردىن، دائىم قولۇپلاقلىق تۇرىدىغان كامېرلاردىن، تۈرمە نازارەتچىلىرىدىن، ساقچىلاردىن ۋە كويزا - كىشەندىن ئاخىر قۇتۇلدى... بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ تاپتا چىرايى سۇرلۈك ھېلىقى تۈرمە نازارەتچىلىرىنىڭ باشلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ھەممىشە كەمسىتكەندەك قارايدىغان ھېلىقى تۈرمە باشلىقىغا ئوخشاش يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا قالغانىدى. توققۇز يىلدىن بۇيان ئاشۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى يا ئۇنداق، يا بۇنداق ۋاستە بىلەن قارىلىغانىدى. تۈرمىدىن چىقىدىغان چاغدا، يەنە شۇلار ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، تەكەللۇپ بىلەن مەدەت بېرىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

ھەممە ئادەمگە ئايانكى، ۋاسىف ئۇچۇن يېڭى تۇرمۇش باشلانغانىدى. لېكىن بۇنى ۋاسىفنىڭ ئۆزى دېگەندەك ئاڭقىرالمايۋاتاتتى. ئۇ مەھبۇس ئەمەسلىكىنى تولۇق ھېس قىلىپ كېتەلمەيۋاتاتتى، شۇڭا ئازراقمۇ خۇشال بولغاندەك قىلمايتتى. ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى قاتمۇقات لەنەتى تامنىڭ ئىچىدە، ئۈمىدسىزلىك گىردابىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆلۈمنىلا كۈتۈپ كەلگەنىدى.

كەڭ كەتكەن كوچىلار چىنىدەك پاكىز، ئىلىپتەك تۈپتۈز ئىدى. ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان بەش قەۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ۋاسىف قايسىلا كوچىغا كىرمىسۇن، ئوچۇق تۇرغان دېرىزىلەردىن مۇزىكا ئاۋازى ياڭرايتتى. ھازىر دەل ئەنقەرە رادىئو ئىستانسىسىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئاڭلىتىدىغان ۋاقتى ئىدى. تۈرمە نازارەتچىلىرى باشلىقىنىڭ ئۆيىدىكى رادىئودا ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا مۇشۇ مۇزىكا بېرىلەتتى. دېكمارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ۋاسىف ياۋروپا مۇزىكىلىرىغا خۇشتار بولۇپ قالغانىدى. دېكمار ياۋروپا مۇزىكىلىرىنى ياقتۇراتتى. مەھبۇسلار دېكمارغا «ماركىز» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى. «ماركىز» ياشىنىپ قالغان، مەلۇماتلىق، گەپ - سۆزلىرى ۋە سالا - سۈپىتى ئافسۇگەكلەرگە ئوخشايدىغان، ئاتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئادەم ئىدى. ساقال - بۇرۇتىنى دائىم پاكىز قىرىپ، قوللىرىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان ئاسراپ يۈرەتتى. كۆل رەڭ تۈرمە كىيىمى كىيەتتى. ئۇنى سالاپەتلىك دېسە خاتالاشمايتتى. مۇشۇنداق سالا - سۈپىتىگە قاراپ ئۇنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىگە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئۇ خۇددى قاتىللىق قىلىشنى ياخشى كۆرۈپ قاتىللىق قىل-

غاندەك تۆت ياشلىق قىزىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ۋاسىف ئىچىدە، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى. كېيىن ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئەركىنلىككە چىقتىم» دېدى. دېمەسىمۇ ئۇ شۇ تاپتا ئەركىنلىكتە ئىدى.

ئۇ شۇ ئىشلارنى ئويلىغان ھامان ھېلىمۇ تۈرمىدە ياتقان، ئون ئىككى يىلنى ئۆزى بىلەن بىللە تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بىچارىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە مەھبۇسلار يېڭىلىنىپ تۇردى. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئوخشاش خىلدىكى ئادەملەر ئىدى. ئۇنىڭ دۇنياسى — شۇلاردىن تەشكىل تاپقان دۇنيا ئىدى.

مەنچۇ، مەنمۇ بىر قاتىلغۇ! مۇشۇ پىكىر كاللىسىغا كېلىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۇ قارىماققا ئۇيقۇدىن يېڭىلا تۇرغان ئادەمدەك قىلاتتى.

تۈرمىدە، ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇن قاتىللار ئارىسىدا، قاتىل، دەپ ئاتىلىپ يۈرۈش ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. لېكىن مۇشۇ يەردە، ئۇ ئەمدىلا قەدەم قويغان مۇشۇ دۇنيادا، ئادەم ئۆلتۈرمىگەن مۇشۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى ئويلاش — ئۇنى ھەقىقەتەن ئازابلايتتى.

ئۇ شۇ تاپتا، بىر مېھمانخانا تېپىشىم كېرەك، دېگەن خىيال بىلەن چوڭ كوچىدا كېتىۋاتاتتى.

ئىلگىرى بوغالتىرلىق قىلغان تامىس ئىسىملىك بىر مەھبۇس ئۇنىڭغا بىر ئادرېس بەرگەنىدى. بۇ ئانافارتول كوچىسىغا يېقىن يەردىكى كىچىك مېھمانخانىنىڭ ئادرېسى ئىدى، ۋاسىف يوغان قىپقىزىل يۈزلۈك، پاكار تامىسنى كۆرگەندەك بولدى. تامىسنىڭ مىيىقىدىن ھەمىشە تەبەسسۇم كەتمەيتتى. ئۇ بوغالتىرلىق قىلغان چېغىدى-

كى شەرمەندىلىكلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەشكە بەك
ئامراق ئىدى. بۇنداق چاغلاردا موسلىھەت ئاخۇن، دارازا
سىفكا ۋە رەسسام ئاردانغا ئوخشاش گېپىنى ئاڭلىغۇچىلار
دائىم ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالاتتى. بۇلارنىڭ قاتارىدا
ئەمدى پەقەت ۋاسىفلا يوق ئىدى... ئۇنىڭ تۇنۇگۇنكى
بۇرادەرلىرى بۈگۈن ئاخشام چوقۇم پەرىشان بولۇشتى.
ھەر قېتىم شۇنداق بولاتتى. بىرەرىنى تۈرمىدىن قويۇپ
بېرىدىغان كۈنىنىڭ ھارپىسى مەھبۇسلار ئۆزلىرىنى بەخت-
لىك ھېس قىلىشىپ، قەۋەت خۇشال بولاتتى. چۈنكى ئۇ-
لارمۇ ھامان بىر كۈنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلەتتى. ئۇ-
مىد ئۇلارنى ھاياجانغا سالاتتى. تۈرمە ئىچى بايرام تۈسى-
گە كىرەتتى، مەھبۇسلار ئەتىسى كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتقا تولغان
ئوركېستىر ئەتىرىتىنى تەشكىللەپ، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن
تۈرمىداشنى دەرۋازا تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ قويۇشاتتى. تۈرمىدى-
شىغا ئامەت ۋە چەكسىز بەخت تىلەيتتى. تۈرمىدىشى تۈرمە-
دىن چىقىپ، دەرۋازا قايتا يېپىلغاندىن كېيىن ھەممىسى-
نىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ مىسكىنلىشىپ كېتىشەتتى. مەھبۇس-
لار ئۆزلىرىنىڭ تۈرمىدە يەنە نەچچە يىل، نەچچە ئاي،
نەچچە كۈن ۋە نەچچە سائەت ياتىدىغانلىقىنى كۆڭۈللىرىدە
ھېسابلاشقا باشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجى بار ئۆزئارا
چاقچاقلىشىشقا، كۈلۈشكە تىرىشاتتى. شۇ كۈندىن تارتىپ
بىر نەچچە ئاخشامغىچە ھەر بىر ئادەم قاتتىق روھىي چۈش-
كۈنلۈك، ئىنتايىن غېرىبلىق ھېس قىلاتتى. خۇددى كار-
دور بىلەن كامېرلار ئۇلارنى يېۋېتىدىغاندەك...

بۇنداق روھىي ھالەتنى ۋاسىف پۈتۈنلەي ھېس
قىلالايدۇ. ئۇ تالاي قېتىم ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن تۈر-

مىداشلىرىنى ئاخىرقى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويغانىدى. دېمىسىمۇ راست، مەھبۇسلار دەرۋازا تۈۋىدە چەكسىز ھەسرەت چېكىشەتتى، ئۇمىدسىزلىنىپ كېتىشەتتى. شۇ تاپتا ۋاسىفنىڭ كۆڭلىدىن ئازابلىق بىر پىكىر «لاپلا» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. سەپداشلىرىنى تاشلاپ، تۈرمىدىن يالغۇز چىقىش ئۇنىڭغا نومۇستەك بىلىندى.

... ھەر كۈنى ئاخشىمى سائەت بەش بولغان ھامان ھېلىقى سېمىز بوغالتىر تامىس ئۇنىڭغا قەھۋە قاينىتىپ بېرەتتى، چۈنكى ئۇ تۈرمىداشلىرىغا قەھۋە قاينىتىپ بېرىشكە ئامراق ئىدى. ئۇلار بۈگۈن ئاخشامۇ باشقا ھەر قانداق ئاخشامدىكىدەك ھېلىقى چوڭ زالنىڭ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. يۈز بەرگەن بۇنداق چوڭ ئىشتىن — ۋاسىفتىن ئايرىلغاندىن — كېيىن ئۇلار چوقۇم ھاياجان بىلەن سۆزلىشىدۇ، گەپ ۋاسىف ئۈستىدە بولىدۇ، ئۆزلىرىنى ئىمكان بار خۇشال تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. ئۆزىنى خۇشال تۇتۇش، تامىس ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان. چۈنكى ئۇ ئالتە ئايدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىدۇ. ئەمما موسلىھەت ئاخۇن يەتتە يىل، ئاتمىشقا كىرگەن ئاردان يىگىرمە يىل ياتىدۇ... ئاردان شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەي، ئەركىنلىكنى كۈتۈمەن، دەيدۇ. بۇ ئادەم ساھىبجامال بىر ئايالنى دەپ ئەركىنلىكتىن ئايرىلغانىدى...

ۋاسىف ئاشۇ ساھىبجامال ئايالنى ئويلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ۋاسىف ئۇ ساھىبجامال ئايالنىڭ رەسىمىنى پات - پات كۆرۈپ قالاتتى. بۇ رەسىمنى ئاردان ھەرگىز يېنىدىن ئايرىمايتتى. ۋاي دەپ كەتكۈدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، بۇ بەختسىز ئايالنى ئاردان جېنىدىن ئارتۇق

كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنى كۈنچىلىك دەستىدىن ئەقىلدىن ئادىشىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۇ تۆت كوچىغا كېلىپ ئۇيياق - بۇيياققا قاراپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆردى. كۆڭلىدە، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىۋاتىدۇ، ئۇلارنى شۇ تاپتا ئۆيدىكىلىرى كۈتۈپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇلارنىڭ بارار جايى ئېنىق. ئۇنىڭچۇ، ۋاسىفنىڭ قولىدا بولسا ئۆزىگە ناتونۇش بولغان بۇ شەھەردىكى، يەنە كېلىپ ئىلگىرى ئۆزى بېرىپ باقمىغان كىچىك بىر مېھمانخانىنىڭ ئادرېسىلا بار ئىدى. ئۇنى ئۇ يەردە ھېچكىم كۈتۈپ تۇرغىنى يوق.

ئۇ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە مەيۈسلۈك بىلەن قاراپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ماڭدى. مەن مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاشقا ئادەتلىنىپ كېتەلەرمەنمۇ؟ دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ۋاسىف بىر ھازا مېڭىپ ھېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھېلىقى كىچىك مېھمانخانىنى چوقۇم تېپىشى، ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىنكى تۇنجى كېچىنى ئاشۇ مېھمانخانىدا ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ بىر تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە بۈگۈن ئاخشاملا ئىستانبۇلغا كەتكەن بولسام، بۇمۇ بىر ھېسابتا بولىدىغان گەپ ئىدى، دېسە، يەنە بىر تۇرۇپ، ياق، بىر كۈن بولسىمۇ تۇرۇپ، ئۆزۈم شۇنچە يىل تۇرغان شەھەرنى بىر كۆرۈۋالاي، ئىستانبۇلغا بارغىنىم بىلەنمۇ ئۇ يەردە مېنى بىرەرى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنى يوق، دەيتتى. ۋاسىف بىردىنلا ئۆزىنى نېمىشقا بۇنچىلىك غېرىبلىق بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

بىرەردىن يول سوراشقا توغرا كەلدى. ئۇ ئىككى

يېنىغا قاراپ، ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرغان بىر ئايالنى كۆ-
رۈپ، ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي بىر پەس تۇرۇپ
قالدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئۆزىگە يۈز-
لىنىپ قىزىرىپ كەتكەندەك بىلىندى. «ئۇ زۇلەيھەگە قويۇپ
قويغاندەك ئوخشايدىكەن!» دېدى ۋاسىق ئۆز - ئۆزىگە.
ئۇ ئورۇق، ئېگىز ھەم قارا قۇمچاق كەلگەن، شەھلا كۆز-
لۈك ئايال ئىدى.

ياتاققا تۆت كىشىلىك كارىۋات قويۇلغانىدى. مۇلازىم
دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، دېرىزىنى ئاچتى ۋە:
— كارىۋاتنى ئۆزىڭىز تاللاڭ، سول تەرەپتىكى ئىك-
كى كارىۋاتتا ئادەم بار،— دېدى.
— دېرىزە يېنىدىكى ماۋۇ كارىۋاتتا ياتاي دەيمەن.
— بوپتۇ ئەمسە.
مۇلازىم پاكار، بۇرنى ئۇچلۇق، قاراشلىرىدىن لولى-
لىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ كېتىشكە تەمشەل-
گەن قىياپەتتە قەدەملىرىنى يۆتكەپ يەنە توختاپ قالدى.
— مېنىڭچە سىز بۇ يەرلىك ئەمەسقۇ دەيمەن! —
دەپ سورىدى ئۇ ۋاسىقتىن.
— شۇنداق، مەن بۇ يەرلىك ئەمەس.
— بۇ شەھەر تولىمۇ يېقىملىق...
— راست! شۇنداقكەن.
— ئەنقەرەگە بىرىنچى قېتىم كېلىشىڭىزمۇ؟
ۋاسىق ئىككىلىنىپراق تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن
ئالدىرىماي:
— ھەئە،— دەپ جاۋاب بەردى.

— مېھمانخانىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر كىچىك مەيخانا بار... مەيخانىدا ئىسىل ئۈزۈم ھارىقى بىلەن راكى① ھارىقى بار.

— رەھمەت سىزگە.

— دوقمۇشتا، ئوبدان بىر ئاشخانا بار...ناۋادا كۆڭلىڭىز تارتسا، سىزگە قىيمىلىق بولكا ئەكىلىپ بېرەي.

— رەھمەت. مەن سەل تۇرۇپ شەھەرنى كۆرگىلى سىرتقا چىقىمەن. كەچلىك تاماقنى كېتىۋېتىپ يەيمەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئىختىيارىڭىز.

بۇ پاكار ئەبلەخ كېتىشىگە ۋاسىف پۇت - قوللىرىنىڭ خېلىلا ئازادە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شەھەر، كوچىلار، ئۆتكەن - كەچكەنلەر، ئاپتوموبىللار ئۇنى ھاردۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ماڭغۇدەك، ھەتتا ئاياغ كىيگۈدەكمۇ ماغدۇرى يوق ئىدى. پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىۋېتىتتى.

ۋاسىف چامادانىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇپ، ئاندىن دېرىزىدە ئولتۇردى. ئاندىن كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمىگەن پېتى نا ئېنىق خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇ تۇرمىدىمۇ شۇنداق ئىدى. بىر يەردە ئولتۇرسا، ۋاقىتنىڭ بىلىنمەي ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ قىمىر قىلماستىن ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

ۋاسىف ئۆزىگە كېلىپ ئۆيىنىڭ قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ دېرىزە تۈۋىدە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى پاراكەندە ئىدى. ئۇ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن باشقا ئادەملەرگە ئوخشى-

① راكى ھارىقى — بەدىياندىن ياسالغان بىر خىل ھاراق.

مايدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ ـ دېسە، يەنە بىر تۇرۇپ، ـ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ نېمىشقا ئوخشىمايدىكەنمەن؟ مەن ئەر-كىنلىكتە ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ كېتەلەيمەن» دەيتتى. لې-كىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى باشقا بىر ۋاسىق بېشى-نى چايقاپ، پەس ئاۋازدا يېنىش ـ يېنىش: «ياق، ياق، سەن پۈتۈنلەي تۆگەشتىڭ، سەن ئەمدى بۇرۇنقى ۋاسىق ئەمەسسەن. سەن قىلچىلىك ئۈمىد يوق بىر ئادەمسەن» دەيتتى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ جۇمەكنىڭ يېنىغا بېرىپ تامدىكى ئەينەككە قارىدى. ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆردى. ئۇنىڭ چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، قاراشلىرى مىس-كىن، چىرايى تاتىراڭغۇ ئىدى. مەھبۇسنىڭ چىرايى، دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. تۈرمىنىڭ ئىزناسى مېنىڭ جىسمىمدا قاچانغىچە ساقلىنىپ قالار؟ مەن ئەمدى مەڭگۈ بۇرۇنقى ۋاسىق بولالماسمەنمۇ؟ دەپ ئويلايتتى. ئەمىسە بۇرۇنقى ۋا-سىق نەگە كەتتى؟ هازىرقى ۋاسىق ئۆزىنىڭ هاياتىنى نابۇت قىلغان بۇرۇنقى ۋاسىقنى ئېنىق ئېسىگە ئالالمايدۇ... بۇرۇنقى ۋاسىق ئۇنىڭ خاتىرىسىدە نۇرغۇن كۆلەڭگىلەر-نىڭ ئىچىدىكى غۇۋا كۆلەڭگە بولۇپ قالغانىدى. باشقا كۆلەڭگىلەر تېخىمۇ غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ــ هازىرقى ۋاسىق ئۆزىگە شۇ قەدەر يات تۇيۇلۇۋاتقان ۋاسىقنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ: ئاشۇ ۋاسىقنى تەلۋىلىك گىرداۋىغا سۆرىگەن موددىئا بىلەن هېسسىياتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. هازىرقى ۋاسىق بۇرۇنقى ئاشۇ ۋاسىقدىن نەپرەتلەنمەيدۇ هەم ئاغرىنمايدۇ. ئىچ ئاغرىتىش تۈگۈل، هېسداشلىقمۇ قىلمايدۇ.

ئۇ بۇرۇنقى ۋاسىقنى بەختسىزلىككە ئىتتەرگەن ئاشۇ هېسسىياتنىڭ ئۇنىڭ قەلبىنى هازىرمۇ پات ـ پات هاياجانغا

سالىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. تىرىكچىلىك قىلىشى، ئازاب - ئوقۇبەتنى يېڭىشى ئۈچۈن بۇنداق ئىشەنچ ئۇنىڭغا ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى بۇرۇنقى ئاشۇ ۋاسىق دەرد - ئەلەملەرنى بېشىدىن كەچۈردى، دېسەك، ئۇنداقتا ھازىرقى ۋاسىق ھېچ بولمىغاندا تەسەللىگە ئېرىشتى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، مەن ھاياتىمنى نابۇت قىلدىم، لېكىن بۇنىڭ كارى چاغلىق، چۈنكى مەن ھاياتىمنى زۇلەيبەگە تەقدىم قىلدىم، دېيەلەيدۇ.

ئەمما ھازىرقى ۋاسىق مۇشۇ سۆزنى تەكرارلىغان چاغدا، ئۆزىدە بۇرۇنقىغا ئوخشاش قىزغىنلىق بىلەن ئىشەنچىنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ زۇلەيبەگە تەقدىم قىلغۇدەك ئازراقمۇ گۈزەل ھەم پاك يېرى يوق. گەپ، زۇلەيبە ئۈچۈن، دېگەن مەسىلىگە تاقالغاندا ھاياتنىڭ ۋە ئىستىقبالنىڭ نېمە كېرىكى؟ ۋاسىق زۇلەيبە ئۈچۈن بۇنداق قۇربان بېرىشنىڭ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن بەكرەك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىدۇ. ئۇ بۇرۇنقى ۋاسىق بىلەن زۇلەيبەنى بىر - بىرىگە باغلىغان ئۆتتەك قىزغىنلىقنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ. بولمىسا ئۇ بەختسىزلىكنى كۆتۈرەلىگۈدەك كۈچ - قۇدرەتنى ئەمدى ھېچ يەردىن تاپالمايدۇ.

ۋاسىق ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، ياشلىقىنى ۋە ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى زۇلەيبەگە تەقدىم قىلغانىدى. ئۇنى ساداقەت بىلەن قىزغىن سۆيگەنىدى. ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنىمۇ پات - پاتلا كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن بېسىشقا تىرىشاتتى. زۇلەيبە ئەمدى ۋاسىقنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا بىر غۇۋا سىمادىن، توختىماي ئەلەڭلەپ تۇرغان

كۆلەڭگىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇرۇنقى ۋاسىفنىڭ خىرە ـ شىرە كۆلەڭ-گىسىدىن پەرقلەنمەيتتى. ۋاسىف ئىلگىرى زۇلەيبەنى ياد ئېتىشكە ئامراق ئىدى. زۇلەيبە كۆلگەندە سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى، ئۇنىڭ ياڭراق، شاد ھەم يېقىملىق كۈلكىسى ۋاسىفنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھېلىھەم جاراڭ-لاپ تۇراتتى. زۇلەيبە ئۇنىڭغا ھازىرمۇ خۇددى بۇرۇنقى-غا ئوخشاش نازۇك ھەم ئىنچىكە بېلىنى ئېگىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. زۇلەيبەنىڭ پۇتلىرى ئۇزۇن ۋە تۇپتۈز، بولاق-تەك شەھلا كۆزلىرى ياز پەسلىدىكى ئەنقەرە كېچىسىنىڭ ئاسمىنىدەك تېنىق، تۇن ئاسمىنىدا چاراقلاپ چاقنىغان يۇلتۇزلاردەك يارقىن...

لېكىن ئۇ شۇ تاپتا ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇرۇنقى زۇلەيبەنى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆسن ـ جامالىنى، قەددى ـ قامىتىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلدى، ۋاسىف كەينىگە ئۆرۈل-دى. ئۆيگە پاكار بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ قاشلىرى قويۇق، كەپكە شەپكە كىيگەن ئادەم ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

— كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى بىلمەي ئىشىك-نى چەكمەيلا كىرىپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق.

ئۇ ئادەم كەپكە شەپكىسىنى كارىۋاتقا تاشلاپ قو-يۇپ، ئۆزى بىر چەتتە ئولتۇردى.

— يېڭى كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.
— مېنىڭ ياتاقتىن چىقىپ كەتكىنىمگە توپتوغرا ئۈچ سائەت بولدى، مەن چىقىپ كەتكەندە سىز تېخى كەلمىگەن ئىدىڭىز.
— شۇنداق.
— سىز ئىستانبۇلدىن كەلدىڭىزمۇ؟
— ياق.
— ئەمما، سىز چوقۇم ئىستانبۇللۇق، مەن بىر قاراپلا بىلىۋالدىم.
— راست، مەن ئىستانبۇللۇق، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە كەتمەكچىمەن.
— سىز بۇ چىرايلىق شەھەردە قانچە ئۇزۇن تۇردىڭىز؟
— نەچچە يىل بولدى.
— ۋوي، سىز ئىستانبۇللۇق تۇرۇپ، باشقا بىر شەھەردە تۇرىدىكەنسىز، بۇ نېمىدېگەن قولايسىزلىق - ھە!
ۋاسىف ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدىن نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراپ سىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، مەندىن يەنە گەپ سوراپ يۈرمىسۇن، دەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈز - كۆزىنى يۇغان بولۇۋالدى. لېكىن ھېلىقى ئادەم بۇنىڭغا قارىماي ۋاسىفتىن گەپ سوراۋەردى.
— ئىستانبۇل شەھىرىگىلار قالتىس ئاۋات شەھەر جۇمۇ. مەن ئىستانبۇلنى پىششىق بىلىمەن، ئىككى قېتىم بارغان. ھەر ئىككىلا قېتىم سىركىكتا تۇردۇم. ئۇ يەردە ناھايىتى ئېسىل بىر مېھمانخانا بار.

«بۇ ئەبلەختىن قۇتۇلالمايدىغان بولدۇم، ئاغزىغا بالا تەگدىمۇ - نېمە ئۈنىڭ» دەپ ئويلىدى ۋاسىپ.

— راست گەپنى قىلسام، مەن ئىستانبۇلدا بىرنەچچە كۈننى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەنىدىم. ئۇ يەردە چىرايلىق نەرسىلەر شۇنچىلىك كۆپ ... ئۇنىڭدىن باشقا ... سەتەڭ ئاياللارمۇ تولا ...

ئۇ گومۇشلارچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— سىز ئەنقەرەلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاسىپ ئۇنىڭدىن.

— ياق، ئەنقەرەدە تۇرۇۋاتقىنىمغا بىرىم يىل بولدى، بىر ئايالىم گىسىگىندا، ئۇ يەردە بىر ئۆگمىنىم بار ...

ۋاسىپ يۈز - قولىنى يۇيۇپ بولۇپ، شەپكىسىنى ئالدى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭدىن:

— سىرتقا چىقامسىز؟ — دەپ سورىدى.

ھەئە.

— سىفورتولكقا بارامسىز ياكى بورنوندېغىمۇ؟ ئەنقەرەگە كەلگەن ئادەم جەزمەن بۇ ئىككى رېستورانىنىڭ بىرسىگە بېرىپ بىر ۋاخ تاماق يەپ كېلىشى كېرەك.

ۋاسىپ جاۋاب بەرمىدى.

— مەن سىزنىڭ سىفورتولك رېستورانىغا بېرىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن ... ئارىلىق سەل يىراق، ئەمما تاكسىغا ئولتۇرسىڭىز بىردەمدىلا بارسىز.

— بولىدۇ!

— بۈگۈن ئاخشام مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن. ئۇ يەردە تۈرك مۇزىكىلىرى ياڭراپ تۇرىدۇ. سۈرەتتەك گۈزەل بىرنەچچە ناخشىچى بار، ھەممىسىلا ئاجايىپ ساھىب

جامال قىزلار ... بىراق، سىز ئىستانبۇلدا سەتەك ئاياللار-نى جىق كۆرگەن، سىزنىڭ كۆز - قارىشىڭىز تـوق. بارسى-ڭىز، سىفورتولكقا بېرىڭ، ئۇنتۇماڭ.

— ماقۇل، سىز دېگەن رېستورانغا بېرىپ قـىلمىشىم مۇمكىن، — دېدى ۋاسىف بوشلا. بۇ ئىككى رېستوراننىڭ بىرىگىمۇ بارالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى، بارغۇسى يوق ئىدى، بارغۇسى بولسىمۇ بارالمايتتى. چۈنكى يېنىدا ئاتمىش لىرالا پۇلى بار ئىدى. يار - يۆلەك بولغۇدەك ئەل - ئاغىنىسى يوق مۇساپىر ۋاسىف خىزمەت تاپقۇچـە مۇشۇ ئازغىنە پۇلغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلمىسا بولمايتتى.

— خەيرىياتك كەچ، — دېدى ۋاسىف ئۆزىگە كۈلۈم-سىرەپ قاراپ تۇرغان ھېلىقى ئادەمگە.

— شۇ يەردە كۆرۈشەيلى، — دېدى ھېلىقى ئادەم-مۇ جاۋابەن.

ۋاسىف ياتاقتىن چىقىپ، ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويدى. ئۇ ئىككىلەنگەن ھالدا تۆت ئەتراپىغا قاراپ كوچىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. كۈن يورۇق، تېخى قاراڭغۇ چۈشـ-مىگەنىدى. تۇنۇگۈن تـۇرمىدە ... ئاخىرقـى قېتىملىق كەچلىك تاماقنى تۈرمىداشلىرى بىلەن يېگەنىدى.

ھازىر موسۇلمانلارنىڭ تاماقنى يەيدىغان ۋاقتى بولدى. ئۇ ھويلىدىكى كىچىك ئوچاقتا ئۆزى ئايرىم تاماق ئېتىپ يەيتتى. ئۇنى تاماق ئېتىشتىن ھېچكىم توسالمىدى. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇيرۇقىغا، تۈرمىنىڭ قائىدە - تۈزۈم-لىرىگە باش ئەگمەي قوي گۆشىدە تاماق ئېتىپ يەيتتى. ئاخۇن بولغاچقا تۈرمە نازارەتچىلىرى ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئاز - تولا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا يـول قويغانىدى.

دىنى كەسىپ بىلەن نام - ئابروي تاپقان بولغاچقا، موسلىھەت ئاخۇن ھەر كۈنى قوي گۆشىدە بەھوزۇر تاماق ئېتەتتى. تامىقىنى چاكىلدىتىپ ئولتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ تاماق يەيتتى.

ئۇنىڭ بۇنداق تاماق يېيىشىدىن ۋاسىفنىڭ چىشى قېرىشىپ كېتەتتى. ۋاسىف ھەمىشە، تامىقىڭىزنى چاكىلداتماي يەڭ، ئاخۇن، يەنە چاكىلداتسىڭىز، بارغان پېتى ئۇرۇپ سالىمەن جۇمۇ، دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. لېكىن موسلىھەت ئاخۇن مۇلايىملىق بىلەن: «تېرىككىنىڭ توغرا، ئوغلۇم، مەن بۇ يامان ئادەتكە يالغۇز كىشىلىك كامېردا ئۆگىنىپ قالغان. يالغۇز كىشىلىك كامېردا توپتوغرا بىر يىل ياتقانىدىم. تامىقىمنى چاكىلدىتىپ تاماق يەپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلاتتىم، يالغۇزلۇق ئازابىمۇ سەل - پەل يېنىكلەپ قالاتتى» دەيتتى.

ۋاسىف شۇ تاپتا ئاشۇ ئاخۇننى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ چىرايى جۇدەڭگۈ، سول مەڭزىدە بىر تال كىچىك مېڭى بار، شاپ بۇرۇت ئادەم ئىدى. گەپ قىلغاندا، ئۇستۈنكى كالپۇكى قايرىلىپ، قارىيىپ كەتكەن چىشلىرى بىلەن ئاقۇچ چىش مىلىكلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى، قاراشلىرىدىن رايىشلىق چىقىپ تۇراتتى، ھېچكىم بىلەن ئورۇشمايتتى. لېكىن ئۇ قاتىل، ئايالىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ يىگىرمە يىل كېسىلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تەن ئالمايتتى. ھەدېسىلا: «ئايالىمنى مەن ئۆلتۈرمىدىم، ئۇ ئۆزى ئۆلۈۋالغان» دەپ گۇناھسىزلىقىنى پەش قىلاتتى.

موسلىھەت ئاخۇن ھەقىقەتەن قىزىق ئادەم ئىدى.

ئۇ بىرەر تۇرمىدە ئۇزۇنراق تۇرۇپ باققان ئەمەس، زېرىكىپ قالسىلا، بىر ئامال قىلىپ باشقا تۇرمىگە يۆتكىلىپ كېتەتتى.

موسلىھەت شېرىن خىياللارنى قىلىشقا ئامراق ئىدى. خۇشال بولغان چاغلىرىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «مەن ئەركىنلىككە چىققان ھامان تېخى كۆزى ئېچىلمىغان غۇنچىدەك ... ياش قىزنى نىكاھىمغا ئالىمەن!» دەپ يۈرەتتى.

راست، موسلىھەت ئاخىر ھەممىشە ئەركىنلىككە چىققاندىن كېيىنكى ئويلىرى توغرۇلۇق سۆزلەيتتى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ئۈستىدە توختىلاتتى ... ۋاسىفچۇ، ئۇ بولسا ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى تۇرمىدىن چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ تۇرمىدىن چىقىپ ئەركىنلىككە كۆنۈپ كېتەلمىدى.

ۋاسىف دوقمۇشتىكى ئاشخانىغا ئىككىلەنگەن ھالدا كىردى. ئاشخانىنىڭ سىرتى ئاددىي ئىدى. جوزىنىڭ ئۈستىگە داستىخان يېپىلغانىدى. ئاپئاق داستىخاننىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاسىفنىڭ كۆزىگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئون ئىككى يىلدىن بېرى داستىخان سېلىنغان جوزىدا بىرىنچى قېتىم تاماق يېيىشى مۇشۇ ئىدى. ئۇ ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بوش ئورۇننى كۆرۈپ، شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇردى.

ئاشخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. مۇلازىملار بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنى كۈتۈشكە ھېچقايسىنىڭ چولىسى تەگمىدى. ۋاسىف چىدام بىلەن ساقلاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق چىدام ئۇزۇن يىللىق مەھبۇسلۇقتا يېتىلگەنىدى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى، ئاشخانىدا ئاياللار ئاز ئىدى.

تولنمۇ ئېگىز ھەم دارازا خوجايىن پوكەيىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇراتتى. پوكەيىنىڭ يېنىدىكى رادىئودا مۇڭلۇق قەدىمىي ناخشا بېرىلىۋاتاتتى. ناخشىنىڭ ئاھاڭى ئاجايىپ پىغانلىق ئىدى. مۇزىكانت مارمى بۇ ناخشىنى تۇرمىدە ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئېيتاتتى. مارمىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان ھامان سىفكاردىنىڭ جان - ئىمانى چىقىپ كېتەتتى. بۇ ناخشا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقمايتتى. شۇڭا ئۇ ئورنىدىن دەس تۇ-رۇپ مارمىغا دولىسىنى چىقىرىپ:

— سېنىڭ ھاياتىڭ ئازاب - ئوقۇبەتكە مەھكۇم، چۈنكى سەن تۇرمىگە قامالغان ئادەم. مۇشۇ لەنىتى ناخ-شىنى ئېيتىدىغان بۇ يەر ئاكېپورنو قەھۋەخانىسى ئەمەس ... — دەيتتى.

باشقىلار كۈلۈپ كېتەتتى، مارمى سىفكاردىغا پىسەنت قىلماستىن ناخشىسىنى ئېيتىۋېرەتتى.

مارمى غەلىتە ئادەم ئىدى، خەقلەر ئۇنى ھاقارەتلەيت-تى، تىللايتتى، ئۇ تىل - ھاقارەتلەرنى قېتىغىمۇ ئالمايدى-غان، ئىززەت - ئابروينى ساقلىمايدىغان ھەم زادىلا ئاچچىقلانمايدىغان، غۇرۇرى يوق بىر ئادەم ئىدى. ۋاسىق، بۈگۈن ئاخشام مارمى يەنىلا مۇشۇ ناخشىنى ئېيتقان بولسا، سىفكاردى جان ئاچچىقىدا: ئاكېپورنونىڭ ئىشىكى سەن ئۈچۈن ياكى مەن ئۈچۈن ئېچىلغان ئەمەس ... چۈنكى بىز پەسكەش بىر نېمىلەر ... دەپ ۋارقىراۋاتىدىغاندۇر. بىچارە سىفكاردى، ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ ... بۈگۈن ئاخشام، ئۇ ئادىتى بويىچە چىراغنىڭ ئىشى توغرۇلۇق تۇر-مە نازارەتچىسى بىلەن يەنە سوقۇشۇپ قالغاندۇر، دەپ ئويلىدى.

ۋاسىق: «قىسقىسى، تۇرمە ھاياتىنىڭ دەسلەپكى بىر-نەچچە يىلى ئادەمگە شۇنداق ئازابلىق تۇيۇلۇپ كېتەمدۇ، نېمە؟» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى. ئارقىدىنلا، راست، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مەھبۇسلار ئاخىر پەسكويىغا چۈشۈپ قالىدىكەن. كەينى - كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قارشىلىق، بېسىم بىلەن بويسۇندۇرۇلۇشۇرگەندىن كېيىن ھەر بىر ئادەم شۇكىلىشىپ كېتىدىكەن. بىرخىل ھارغىن ۋە خىرە نۇي ئادەمنى ئاستا - ئاستا ئىلكىگە ئېلىۋالىدىكەن، كاللىدىكى، يۈرىكىدىكى ھەممە نەرسە غۇۋالىشىدىكەن، ھەر بىر ئادەم بۇرۇنقى «مەن» نىڭ كۆلەڭگىسىگە ئايلىنىدىكەن، بۇ كۆلەڭگىدە ھاياتلىق بىلەن روھ بولمايدىكەن... بۇ ئۆلگەنگە تەڭ، ھەتتا ئۆلگەندىنمۇ بەتتەر ئىكەن... دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ۋاسىق ئۈچۈن يېقىندىن تونۇش سائىتى داڭ ئۇرۇپ بولغانىدى. روھنى يېڭى باشتىن تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاشۇ ئۆلگەن روھنى يۇدۇپ يۈرۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۆلگەن روھ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بەك ئاستا تىرىلىدۇ. بۇنى بىر يولىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش تولىمۇ تەس.

ئۇنىڭ چىرايى توساتتىن تاتىرىپ كەتتى.

رادىئودا «زۇلەيخا» دېگەن خەلق ناخشىسىنى بېرىۋاتاتتى. بۇ لاتاپەتلىك زۇلەيخانى كۈيلەيدىغان يېقىملىق ناخشا ئىدى. ناخشىدىكى زۇلەيخا ئۈچ سەھرا قىزىنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىز ئىدى. ۋاسىق ياخشى كۆرگەن زۇلەيخا، ناخشىدىكى زۇلەيخادىنمۇ، ھەتتا ئىستانبۇلدىكى ئەڭ پەرى سۈپەت قىزلاردىنمۇ گۈزەل ئىدى.

ۋاسىق مۇلازىمنىڭ كېلىشىنى كۈتمەستىنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، ئۇ بۇ ناخشىدىن ئۆزىنى قاچۇرماق بولدى. لېكىن بۇ ناخشا كوچىنى بىر ئالغانىدى. باشقا بىر دوقمۇشتىكى قەھۋەخانىنىڭ رادىئو-سىدىمۇ مۇشۇ ناخشا بېرىلىۋاتاتتى. ۋاسىق ماڭغانسېرى قەدىمىنى تېزلىتىپ نەچچە كوچىنى بېسىپ، كىچىك بىر مەيخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. ئۇ مەيخانىغا كى-رىپ بىر رومكا راكى ھارىقى بۇيرۇتتى. مەيخانا بەكلا كىچىك ئىدى. مەيخانىنىڭ شاپ بۇرۇتلۇق خوجايىنى سول كۆزى بىلەن سىڭايان قاراپ ۋاسىققا بىر رومكا راكى ھارىقى بىلەن ئازراق زاكوسكا بەردى. ئۇنىڭ قاراشلىرى-دىن گۇمۇشلۇق چىقىپ تۇراتتى.

ۋاسىقنىڭ پوكەيىگە يۆلىنىپ ھاراق ئىچىدىغان ئادى-تى يوق ئىدى. شۇڭا بىرىنچى رومكىنى ئىچىپلا بېشى ئايلانغاندەك بولدى.

مەيخانىدا رادىئو يوق ئىدى. پوكەيىنىڭ ئوڭ تەرى-پىدە ئىككى ئىشچى بەھۇزۇر پاراڭلىشىپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرىپىدە ئۈچ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قانداقتۇر بىر نەرسە توغرۇلۇق تالىشىۋاتاتتى. يان تەرەپتە يەنە بىر ئادەم يالغۇز ھاراق ئىچىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزار-غان، كىيىملىرى كونا ئىدى.

ھاراقنى ئىچىپ بولغاندا، ۋاسىقنىڭ پۈتۈن ئەزايى ياپىراپ كەتكەندەك بولدى، كەينىدىن يەنە بىر رومكا ئىچتى، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. ئاندىن مەيخانىدىن چىقىپ سالپايغان ھالدا مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپ، ياتىقىغا كىرىپ يېتىپ قالدى. باشقىلار تېخى كەلمىگەنىدى، ياتاقتا ئۇ

يالغۇز ئىدى. ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ: «ئەتە، ئىستانبۇلغا كېتىمەن» دەيتتى، تۇرۇپلا يەنە «مەندە زۇلەيبەنى ئىزدەپ بارغۇدەك جۇرئەت بارمۇ؟» دەپ ئۆز قارارىدىن ياناتتى. ۋاسىفنى ئۆزىدە بۇنچىلىك جۇرئەتنىڭ يوقلۇقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە، زۇلەيبە ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدۇ؟ تاغام ھېلىمۇ ھاياتمىدۇ؟ دەپ سورايتتى. تاغىسى ئۇنىڭ ئىككى يىلىنىڭ ئالدىدىلا قېرى بوۋاي ئىدى. لېكىن زۇلەيبە ئۆزگىرىپ كەتمەي، بۇرۇنقىدەك تۇرغان بولسا بەك ئوبدان بولاتتى. بۈگۈن ئۇ زۇلەيبەنىڭ تەققى ـ تۇرقىنى ـ زاۋا بويىلۇق، شەھلا كۆزلۈك بۇ قىزنى ـ كۆز ئالدىغا زادىلا كەلتۈرەلمىدى. ۋاسىفنىڭ ئېسىدە پەقەت ئۇنىڭ بەزىدە كىچىك بالىلارنىڭ كۈلكىسىدەك سەممىي، بەزىدە مەسخىرىلىك، بەزىدە قىزىق ۋە بەزىدە كىشىنىڭ زېتىغا تېگىدىغاندەك تۇيۇلىدىغان كۈلكىسىلا قالغانىدى.

باشقىلار چىرايىنى كۆرمەستىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلايتتى، ئۆزىنى كۆرمەي كۈلكىسىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالاتتى. بۇ كۈلكە ۋاسىفنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھېلىھەم جاراڭلاپ تۇراتتى. بۇنداق خۇش خۇي، بۇنداق شاد كۈلكىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان ئاشۇ كۈنى ۋاسىفنى كارىۋاتتا ياتقانىدى. يازنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، گۈللۈككە قارىغان دېرىزە ئوچۇق ئىدى. ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇيقۇ بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئۇخلىيالماي كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. تۇساتتىن كۆتۈرۈلگەن ياڭراق كۈلكە ئاۋازى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى

ئېچىۋەتتى. بىر قىز ھەدەپ كۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈل-
كىسى — بالىلارنىڭكىدەك شاد، سەبىي ۋە چىن كۈلكە
ئىدى... بۇنداق سەمىمىي كۈلگەن كىمدۇ؟

ۋاسىف قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇيتتى.
ئۇلارنىڭ ئۆيى بىلەن قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىنى
نەچچە تال شال ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ
مۇشۇنداق يېقىملىق كۈلۈۋاتقان قىزنى بىر كۆرۈش ئىس-
تىكىدە دېرىزە تۈۋىگە باردى. سىرتتا كۈلۈۋاتقان بىرەر
قىز كۆرۈنمەيتتى. گۈللۈكتە تۆت بالا موكۇ - موكۈلەك
ئويناۋاتاتتى. بىر موماي سېرىق مۈشۈكىگە بىرنەرسە بېرى-
ۋاتاتتى، نۇرىيە خانىم ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە كىر
يۇيۇۋاتاتتى. ۋاسىف تازا قولاق سېلىپ ئاڭلاپ، ئاخىر
بۇ كۈلكە ئاۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىنادىن كېلىۋاتقانلىقىنى
پەملىدى. ئۇ تۆت قەۋەتلىك بىنا ئىدى. ھەربىر قەۋىتىدە
بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. نۇرىيە خانىم بۇ بىنانى
ئىجارىگە ئېلىپ، كەينىدىن يەنە نەچچە ئۆيلۈك ئادەمگە
ئىجارىگە بېرىپ، بىرىنچى قەۋىتىدە ئۆزى ئولتۇراتتى.

دەم ئېلىشقا چىققان فەررۇخ ئايالى بىلەن بىنانىڭ
ئىككىنچى قەۋىتىدە تۇراتتى. قېرىپ قالغان بۇ ئەر - خوتۇن
ئىككىيلەن غەمكىن ھەم كېسەلچان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈل-
گىنىنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى. ئۈچىنچى قەۋىتىدە
بىچانىسىر ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى بار ئىدى، ۋاسىف بۇلارنىمۇ
تونۇيتتى. ئانا - بالا ئىككىسى كاۋچۇك زاۋۇتىدا كېچى-
سى ئىشلەيتتى، كەچ سائەت سەككىزدە كېتىپ، ئەتىسى
ئەتىگەن سائەت يەتتىدە كېلەتتى. ئۇلار ناھايىتى ياۋاش،
سەل ساراڭ قېتىش خەق ئىدى. دېرىزىلىرىنىڭ پەردىلى-

رىنى چۇشۇرۇۋېتىپ كۇندۇزى كۈن بويى دېگۈدەك ئۇخ-
لايتتى، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپلا ئانا - بالا ئىككىسى
سوقۇشۇپ كېتەتتى. تۆتىنچى قەۋەتتە ئەسلى بىر يېگانە
موماي ئولتۇراتتى. ئۇ قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن دې-
رىزىلىرى داۋاملىق ئېتىك تۇراتتى.

ۋاسىف شۇ تاپتا مۇشۇ دېرىزىلەرنىڭ ئوچۇق تۇر-
غانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ پول سۈرتكەندە چىقىدىغان
تىۋىش ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بىر قىز پول سۈرتۈۋاتاتتى.
نامراتلار مەھەللىسىدە ئاياللار پولنى مۇشۇ ئۇسۇلدا سۈرتەتتى.
ئۇلار يالىڭاياغ بولۇۋېلىپ، ماغزاپقا چىلانغان لاتىنى دەس-
سەپ تۇرۇپ، پولنى بار كۈچى بىلەن سۈرتۈپ پارقىرى-
تىۋېتەتتى. ۋاسىفنىڭ ئاپىسى ۋە باشقا ئاياللارمۇ پولنى
مۇشۇنداق سۈرتەتتى.

بۇ قىزنىڭ پول سۈرتۈۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلگە-
نى قىزىق. چۈنكى پول سۈرتۈش ئېغىر ئىش. ئاياللار
پول سۈرتۈۋېتىپ قايناپ كېتەتتى. تۆتىنچى قەۋەتكە
ئۆزىنى ئالاھىدە خۇشال تۇتۇپ يۈرىدىغان بىرى كۆچۈپ
كەلگەندەك قىلاتتى.

نامراتلار مەھەللىسىدە ئۆزىنى خۇشال تۇتۇپ يۈرۈي-
دىغانلار كەمدىن كەم تېپىلاتتى.

ۋاسىف شۇ كۈنى ۋە شۇ كۈندىن تارتىپ نەچچە
كۈنگىچە بۇ كۈلكە ئاۋازىغا شەيدا بولۇپ يۈردى. ئۇ بۇ
كۈلكە ئاۋازىنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتى. ئاڭلىغان ھامان
خۇددى بىر پارچە ئوتنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك، پۈتۈن
ۋۇجۇدى يېنىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بۇ ئوتلۇق
ھەم سېھرىي كۈچكە تولغان كۈلكە ئىدى.

شۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا ۋاسىق ناھايىتى ياش ئىدى، تولىمۇ ئاسان ھاياجانلىناتتى، كىچىك تۇرۇپلا كۆزى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ قاتتىق تەربىيىسىنى كۆرمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپىسى بەك ئامراق بولغاچقا، ئادەتتە ئۇنىڭغا قاتتىقراق گەپمۇ قىلمايتتى. باشقىلار باشلانغۇچ مەكتەپتە بەش يىل ئوقۇسا، ئۇ يەتتە يىل ئوقۇدى. ئۇ پۇتبول ئويناشقا ياكى شەھەر ئەتراپىغا بېرىپ، ئۇچار قۇشلارنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇشقا ئامراق ئىدى. ئون تۆت ياشقا كىرگەندە ئۆزىنى چوڭ ئادەم چاغلاپ تاماكا چېكىشنى ئۆگەندى. ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە باشقا ئوغۇللار بىلەن نامراتلار مەھەللىسىدىكى مەيخانىغا بېرىپ ھاراق ئىچىدىغان بولدى.

ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم مۇھەببەتلەشكەن چاغدا، ھۆكۈمەت ئاچقان ئوتتۇرا مەكتەپكە پات - پات بېرىپ بىر قىز ئوقۇغۇچى بىلەن ئانچە - مۇنچە شېئىرىي تۇيغۇغا تولغان خەتلەرنى يېزىشقانىدى. ئوتتۇرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ئىشلار بولمىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ مەھەللىلىك قاسساپنىڭ ياش، چىرايلىق ئايالى ۋاسىقنى ئېرى يوق ۋاقىتتا ئۆيىگە چاقىردى. مەڭزىلىرى قىپقىزىل، چاچلىرى ئالتۇندەك ساپسېرىق ئۇ ئايال رامىزاننىڭ بەشىنچى كۈنىنى تاللىغانىدى. چۈنكى ئۇ شۇ كۈنى جامائەتنىڭ مەسچىتتە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مەھەللە - كوي ئىمامىنىڭ قانداقلىقى توغرۇلۇق ئۇ ئايالنىڭ كەينىدىن سۆز - چۆچەك قىلمايتتى. ئۆزىمۇ قويدەك مۇلايىم ئايال

ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى نەچچە ئاي داۋام قىلـدى. كېيىن قاساپ تىجارىتىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن مەھەللىسىنى تاشلاپ ئايالىنى ئېلىپ مىشرساگىچقا ــ شەـ ھەرنىڭ ئۇ چېتىگە كۆچۈپ كەتتـى. ۋاسىف ئاشنىسىنىـڭ مەھەللىدىن كېتىپ قالغىنىغا دەسلەپ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ بىئەپلىـ كىنى ھېس قىلىپ بەك ئازابلاندى. كۆپ ئۆتمەي ئاشنىـ سىنى ئىزدىمەيدىغان بولۇپ قالدى. ۋاسىف مۇشۇ مەزگىلـ لەردە مۇھەببەتكە بولغان ياشلىق ھەۋىسىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئـاي ـ كـۈنلەر شۇ تەقلىتـتە ئۆتتى. ئۇ بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن دائىم دېگـۈدەك بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يـۈرىدىـ غان بولدى.

ئۇ ئاز ـ تولا پۇل تېپىش ئۈچۈن ئوقۇشتىن توخـ تاپ شاگىرت بولۇش نىيىتىگە كەلدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا ھەرگىز بۇنداق قىلما، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرىۋالدى. ۋاسىفـ نىڭ ئاپىسى تول ئايال ئىدى. ئۇ دۆلەتمەنلەرنىڭ ئائىـ لىسىدە خىزمەتكار بولۇپ ئىشلەپ ئائىلىسىنى قامـداپ كېلىۋاتاتتى. چۈنكى ئاپىسىنىڭ پېنسىيە پۇلى ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتمەيتتى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا:

ــ سەن ئوقۇشۇڭنى ئوقۇۋەر، ئوقۇشۇڭنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ئىشلەيمەن دېسەڭ، ئۇنىمايمەن. مېنىڭ دادام ھەم سېنىڭ داداڭ ئوقۇشنى تۈگەتكەن، سەنمۇ چـوقۇم تۈگىتىـ سەن، ــ دەيتتى.

ۋاسىف ئاپىسىغا چاخچاق قىلىپ:

— بوۋامچۇ؟ بوۋام قانداق ئوقۇشنى تۈگەتكەن؟ — دەيتتى.

— بوۋاڭ ئوقۇمىغان ... ھۈنەرۋەن ئادەم بولىدىغان. لېكىن ئۇ قولى گۈل، بەئەينى سەنئەتكارنىڭ ئۆزى ئىدى.

— جېنىم ئاپا، بوۋام ناھايىتى كىچىك دادامغا ئوخشاش ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان ياغاچچىكەنغۇ...

— سەن شۇنداق دەيسەن، لېكىن ئۆزۈڭمۇ ياخشى بىلىسەن، بوۋاڭ ھەر جەھەتتىن ئىقتىدارلىق ئىدى. كىچىك داداڭچۇ... كىچىك داداڭدا بۇنداق ئىقتىدار يوق.

— ئىقتىدارى بار دەيلى، بوۋام شۇ ئىقتىدارى بىلەن نېمىگە ئېرىشتى؟ دادامنىڭ ئاكىسى — تاغاممۇ خەتلەرنى ھەجىلەپ ئاران ئوقۇيدۇ، ئانچە - مۇنچە قەلەم تەۋرىتىپ قويىدۇ. ئۇ يا سەنئەتكار ئەمەس، يا ھۈنەرۋەن ئەمەس، لېكىن ھەممىمىزدىن باي.

— ئۇنىڭ ئىشى ئۇنىڭ ئىشى، ۋاسىف! ئۇ دېگەن سودىگەر، بۇ پۇتۇنلەي باشقا ئىش. بىرنەچچە بازارنى باشقۇرىدۇ، مالنى توپى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ...

— چۈشەندىم.

— مەنچۇ، سېنى دۆلەتمەن ئادەم ئەمەس، ھەقىقىي مەرتىۋىلىك ئەپەندى، مەلۇماتلىق ئادەم بولسىكەن دەيمەن. مېنىڭ دادام ئادەتتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەلۇماتلىق ئادەم ئىدى، ئەپەندى ئىدى. سېنىڭ داداڭمۇ ئاددىي بىر خىزمەتچى بولغىنى بىلەن ھەقىقىي ئەپەندى ئىدى. داداڭ سېنىڭ ئىستىقباللىق ئادەم بولىدىغانلىقىڭغا قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇ داۋاملىق،

مېنىڭ ئوغلۇم كاتتا ئەرباب بولىدۇ، ماڭا ئوخشاش ئاددىي خىزمەتچى ئەمەس... بىر بولسا ئالىم، بىر بولسا دوختۇر بولىدۇ... دەيدىغان.

مۇشۇنداق پاراڭلار بولغاندا ھاياجانلانغىنىدىن ۋاسىفنىڭ ئاپىسىنىڭ يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى.

— راست ئوغلۇم، — دەيتتى ئاپىسى كۈلۈمسىرەپ، — مەن سېنى بىر دوختۇر، چوڭ بىر دوختۇر بولسىكەن دەيمەن. سەن ئەقىللىك، ئوقۇشۇڭنى تۈگەتسەڭ چوقۇم ئۇلۇغ دوختۇر ياكى پروفېسسور بولىسەن. قەتئىي ئىرادىگە كەلسەڭلا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىڭغا سۆزسىز ئىشىنىمەن. قېرىپ كۈچۈمدىن قالغاندا مېنى سەن باقىسەن... ئەمما ھازىر مەن تېخى ياش، ئوقۇشۇڭنى تاماملىشىڭ، ئۆز ئىستىقبالىڭنى تېپىشىڭ ئۈچۈن ھېرىپ - چارچاپ كەتسەم مەيلى. سەن ئىستىقباللىق بولساڭ، ھەر ئىككىمىز ئوخشاش ئىستىقباللىق بولغان بولىمىز.

ئاپىسى ئۇنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، ۋاسىف ئاستا - ئاستا ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتى.

ۋاسىف ئۆزىنى كۆرسەتمەي يۈرگەن ئاشۇ قىزنىڭ سېھىرلىك، شاد كۈلكىسىگە مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن چاغدا، تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىسى ئىدى. قۇلاق تۈۋىدىن ھەمىشە كەتمەيدىغان بۇ كۈلكە ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇدۇلىدىكى بىنانىڭ دېرىزىسىگە تەلمۈرۈپ قارايتتى. لېكىن ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىپ كۈلىدىغان ئاشۇ قىزنى زادىلا كۆرەلمىدى.

ئەمما بىر كۈنى يان تەرەپتىكى گۈللۈكتىن ھېلىقى كۈلكە ئاۋازىغا قوشۇلۇپ قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ «غىچىرلىغان» ئاستا ۋە رىتىملىق ئاۋازى كەلدى. ۋاسىف دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ گۈللۈكتە ئىككى قىزنى كۆردى. ئۇلار-نىڭ بىرى ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتاتتى، يەنە بىرى باغنىڭ ئىشىكى يېنىدا تۇراتتى. ئۇلار كۈلۈشۈپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئىشىك يېنىدا تۇرغىنى، سېرىق چاچلىق، پاكار بويلۇق، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتقىنى، زىلۋا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك قىز ئىدى. قويۇق توم چاچلىرى ئادەمگە قاپقاراڭغۇ كې-چىنى ئەسلىتەتتى. بوستان چاچلىرى يەلپۈنەتتى. قىزىل كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى لەپىلدەپ، كېلىشكەن پاقالچاقلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى، ئىلەڭگۈچتە دەم يۇقىرى ئۆرلەيتتى، دەم تۆۋەنلەيتتى. تۇرۇپ دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولاتتى، تۇرۇپلا يەنە پەيدا بولۇپ قالاتتى.

ئۇ ئىككى قىزنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمايتتى. سې-رىق چاچلىق قىز دېرىزە تۆۋىدە تۇرغان ۋاسىفنى كۆرۈپ، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتقان قىزغا بىرنېمە دېدى. بۇغداي ئۆڭلۈك قىز كەينىگە قاراپ، مەسخىرىلىك نەزەرى بىلەن ۋاسىفقا قاراپ قويۇپ، ئاندىن دوستىغا گەپ قىلىپ كۈلۈپ كەتتى. قورقۇمسىز، سېھىرلىك بۇ كۈلكە ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. بۇ ئۇنى ئۇيقۇدىن بىزار قىلغان، ئەس - ھوشى-دىن ئايرىغان كۈلكە ئىدى. ئۇ قىز ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋې-تىپ، ۋاسىفقا لەپ - لەپ قىلىپ نەچچە قېتىم قارىدى. ھايال ئۆتمەي ئىلەڭگۈچتىن چۈشتى - دە، دوستىنى قولتۇقلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋاسىفقا قاراپ مەسخىرىلىك جىلمايدى.

ۋاسىق چۆچۈپ كەتتى ھەم خۇشال بولدى. ئۇ بۇ قىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى قىز بىلەن ئوپئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى قىز بۇ قىزدىن سەل پاكار بولسا كېرەك. بۇ قىز بۇغداي ئۆڭ، ئوماق، خۇددى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغانىدىكىدەك ساھىبجامال قىز ئىدى. ۋاسىق شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇزۇن تۇرماي، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. چىراغ ياندۇرمىدى، تاماكىمۇ چەكمىدى، ئۇدۇلىدىكى بىناغا قاراپ دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇردى. بىنانىڭ ئىككى قەۋىتىنىڭ چىرىغى يېنىق، قالغان ئىككى قەۋىتىنىڭ قاپقاراڭغۇ ئىدى.

ۋاسىقنىڭ قىز قوشنىسىغا بولغان قىزىقىشى سەل چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئۇنداق تۇيۇلمايتتى. ئۇ دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە يۆلىنىپ ئۇدۇلىدىكى بىنانىڭ قاراڭغۇ دېرىزىسىگە قاراپ نەچچە سائەت ئولتۇردى.

ۋاسىقنىڭ تاقەت قىلىپ ئولتۇرۇشى ھەرھالدا بىكار كەتمىدى. يالاڭ قاناتلىق دېرىزىدىن ئاخىر ئازراق يورۇقلۇق كۆرۈندى. ۋاسىق بىر قىزنىڭ سىماسىنى كۆردى. ئۇ ھېلىقى قىز شۇ ئىدى. يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تۇرمەكلىۋالغان بۇ قىز ئۆيىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى.

دېرىزىگە يېقىن كەلسە، ۋاسىق ئۇنىڭ مۇرىسىنى، يىراق كەتسە، تامدىكى يوغان سايىسىنىلا كۆرەلەيتتى. ۋاسىق، ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. ئەدەبسىز قوشنىسىنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىدىن بۇ قىزنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. قىز يېڭىباشتىن دېرىزە يېنىغا كېلىپ

بىردەم تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن يەنە كېتىپ قالدى ـ دە، چىراغـ
نى ئۆچۈردى.

شۇ تاپتا، ئۇ قىز كارىۋاتتا ياتتى، ئاپئاق كىرلىك
ئىچىدە ياتسا، ئۇ نەقەدەر گۈزەل بولۇپ كېتەر ـ ھە! ...
ۋاسىف شۇنداق ئويلاپ، ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىق، دەپ
غۇدۇڭشۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھاۋانىڭ تىنجىقلىقىـ
دىن نەپەس ئالغىلى بولمايتتى. ۋاسىفنىڭ يۈرىكى تىنىمـ
سىز سوقۇپ، باش ـ كۆزىدىن تەر قۇيۇلاتتى. بۇ ئۆيدە
تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، دېدى ۋاسىف بوش
ئاۋازدا.

ھاۋانىڭ تىنجىقلىقىنى مەھەللىدىكىلەرمۇ ئوخشاشلا
ھېس قىلاتتى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچ بىلەن ياسالـ
غاچقا، كۈن بويى ئاپتاپ چۈشۈپ، كەچ كىرگەندە ئوتتەك
قىزىپ كېتەتتى. دېڭىزغا يېقىن بولسىمۇ، سالقىن شامالدىن
ئازراقمۇ ئەسەر يوق ئىدى. كوچىلار تولىمۇ تار، شامال
ئۆتۈشمەيتتى. تىنجىقچىلىقتا كىشىلەرنىڭ نېرۋا تومۇرلىرى
چىڭقىلىپ كېتەتتى.

ۋاسىف چىراغنى ياندۇرۇپ بىردەم كىتاب ئوقۇماقچى
بولدى، لېكىن ئوقۇيالمىدى. ئاغزى قۇرۇپ بولماي سوغۇق
سۇ ئىچكىلى پەسكە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاپىسى
ياتىدىغان ئۆي بىلەن ئاشخانا ئۆي پەستە ئىدى. ئاشخانا
ئۆينىڭ ئىشىكى گۈللۈككە قارايتتى. ۋاسىف ئاپىسىنىڭ
ئىككى قوشنىسى بىلەن بىر كىچىك جوزىنى چۆرىدەپ
ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۆينىڭ ۋە ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىـ
كى ئوچۇق ئىدى.

قوشنىلارنىڭ بىرى نۇرىيە خانىم، يەنە بىرى ئەسما

خانىم ئىدى. ئەسما تاماكا زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. ۋاسىق ئۇ ئىككى ئايالغا سالام بەردى. ئاپىسى ئۇنىڭدىن:

— بىرنىمە ئىزدەپ يۈرەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئازراق ئۇسسۇلۇق ئىچۋالاي دەيمەن.

— ئاشخانا ئۆيدە سوغۇق سۇ بار.

— رەھمەت ساڭا، ئاپا.

ۋاسىق ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، ئۇدۇل گۈللۈككە چىقىپ كېتىۋاتقان ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەر خېلىلا سالقىن ئىدى.

نۇرىيە خانىم ۋاسىقنىڭ ئاپىسىغا:

— سىزنىڭ ئوغلىڭىز بەك ئوبدان، سىز بەك تەلەيلىك جۇمۇ خانىم، ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئوقۇڭ، — دېدى.

— ئوقۇمامدىغان ... بايا توغرا دېدىڭىز، مەن راست تەلەيلىك.

— مېنىڭدەك ياشقا چوڭ بولغاندا، ناتونۇش ئادەملەر بىللە بىللە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولمايسىز. ئوغلىڭىز سىزگە ھەمراھ بولىدۇ ...

— ئىنشائاللا، — دېدى ۋاسىقنىڭ ئاپىسى.

— ئىنشائاللا ... — دېدى ئەسما خانىممۇ تەڭلا.

— بىر ئادەم ئۈچۈن ناتونۇش ئادەملەر بىلەن يالغۇز ئۆتۈش، ئازابلىق ئىش. بۇنىڭ دەردىنى مەن بىلىمەن.

ئارىنى بىرپەس جىملىق باستى. نۇرىيە خانىم گېپىنى بىر ئۈزۈپ، بىر داۋاملاشتۇرۇپ:

— ناتونۇش ئادەملەرگە ياخشى نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغاننىڭ قىلچىلىك پايدىسى يوق ئىكەن. ئۇلار پەنملا ئاغرىنىدىكەن، پەقەت مىننەتدار بولمايدىكەن ...

قاراڭلار، فەرروُخ ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا، ئۇلار بۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان مىسال بولالايدۇ. موھانىملەي خانىم سىزدىن ئاز - تولا مىننەتدار ئوخشايدۇ.

ۋاسىفنىڭ ئاپىسى:

— راست، شۇنداق، بەختسىز ئايال ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، ھالىدىن قانداق خەۋەر ئالغانلىقىڭىزنى پۈتۈن مەھەللە - كوي بىلىدۇ. بىر تۇغقان سىڭلىسىدىن ئارتۇق قارىدىڭىز.

— ئۇ ھە دېسىلا ئاغرىپ قالىدۇ... مەن ئانچە - مۇنچە ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگەن، — دېدى نۇرىيە خانىم.

— نۇرىيە خانىمنىڭ يۈرىكى ئالتۇندەك ساپ، — دېدى ئەسما خانىم، — مەن بولسام ھەرگىز قىلمايتتىم.

نۇرىيە خانىم خۇرسىنىپ تۇرۇپ:

— سىلەرمۇ بىلىسىلەر... مەن تىكەندەك يالغۇز، ماڭىمۇ ھال - مۇڭ ئېيتىشىدىغان ئادەم كېرەك... مەن موھانىملەي بىلەن ئۇزۇندىن بېرى تونۇش... ئامال بار ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىمەن... لېكىن ئۇ مېنى جېنىمدىن جاق تويغۇزۇۋەتتى.

— قانداق قىلىپ؟ — دەپ سورىدى ئەسما خانىم.

— موھانىملەي تاش يۈرەك ئايال ئىكەن! ئۇ، بىچانىمىر ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى بىر - بىرى بىلەن تولا سوقۇشۇپ مېنى بەك پاراكەندە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئولتۇرسا - قوپسا شۇلاردىنلا ئاغرىنىدۇ.

— ئۇ دېگىنى راست، — دېدى ۋاسىفنىڭ ئاپىسى.

نۇرىيە خانىم يىغلامسىرىغاندەك گېپىنى داۋام قىلدى:

— موھانىملەي خانىم، ئۇلار بەك تولا سوقۇشىدى-

كەن، ياخشىسى كۆچۈرۈۋېتىڭ، دەيدۇ ... ئۇلار كۈندە سوقۇشسا، ماڭا نېمە ئامال ... ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، ئانا - بالا ھەر ئىككىلىسى ئوبدان ... ئۇ ئىجارىسىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تۆلەيدۇ ... بۇنىڭدىن باشقا ئىشلار بىلەن نېمە كارىم؟

— ئەجەب ئوبدان گەپ قىلدىڭىز.

— راست ئەمەسمۇ، قولۇم - قوشنىلارنى پاراكەندە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ دېسە، بېرىپ داچىلاردا، قەسىرلەردە ئولتۇرسۇن.

— ئۇغۇ شۇنداق ...

— ئۇلارنى كۆچۈرۈۋېتىشنى رەت قىلدىم. شۇڭا موھانملەي خانىم قېيىداپ ماڭا گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

— توۋا، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ... — دېدى ئەسما خانىم.

— سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئۆتكەن يىل قىشتا بىچانىر ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى نەچچە ئاي ئىشسىز قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىجارىسىنى ئايمۇئاي تۆلەپ كەلدى، بىر كۈنمۇ كېچىكتۈرمىدى.

— ئانا - بالا ھەر ئىككىلىسى ياۋاش.

— بۇنىڭغا ھېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قىينچىلىقى ناھايىتى كۆپ. ئانا - بالا ئىككىسى جان بېقىش ئۈچۈن، ئۆي بىساتلىرىنى ئاچىقىپ سېتىۋەتتى... ھەتتا بىچانىر پەلتوسىنىمۇ سېتىۋەتتى... مەن شۇ كۈنلەردە ئۇلارغا ئاز - تولا ياردەم قىلغان بولسام ياخشى بولاتتى.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز بەك ياخشى جۇمۇ، ئاچا.

بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس. گەپ كۆڭۈلنىڭ

ياخشى ـ يامانلىقىدا ئەمەس. مەن ھېچقانچە ئىش قىلمىدىم... بىر ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىلا قىلدىم. تاش يۈرەك ئادەملەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى خالىمايمەن، ئۇنداقلار بىلەنمۇ خوشۇم يوق.

— بەك توغرا دېدىڭىز.

— ئەمدى بىچانىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەردىن ئاغرىنىۋاتىدۇ.

ۋاسىف چوڭ ئايالالارنىڭ پارىڭىغا ئىختىيارسىز قۇلاق سالدى. نۇرىيە خانىمنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئەسما خانىم:

— يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەر كىملەر ئىۋ؟ ئۇلارنى مەھەللە ـ كويىدىكىلەردىن ھېچكىم تونۇمايدىكەنغۇ.

— ئۇلارنى ئېدىرنى① كاپلىقىدىن دەيمەن، ئېرى ئاشپەز ئىكەن. فىندىكلىدىكى② بىر ئاشخانىدا ئىشلەيدىكەن. ئايالىمۇ ئېرى بىللە ئىشلەيدىغان ئوخشايدۇ. تاڭ سەھەردە كەتسە، قاراڭغۇ ـ ماراڭغۇدا كېلىدۇ.

— بۇنداق تۇرسا، ئۇلار قانداقسىگە بىچانىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسىنى پاراكەندە قىلىدۇ؟

— گەپ ئۇلاردا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىزىدا. بىچانىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى، بىز كۈندۈزى ئۇخلىيالمايۋاتىمىز، دەپ كېتىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام ئۇلارنىڭ قىزى تىنىم تاپمايدىغان قىزمىش.

— ئۇ كىچىك قىزمىكەن؟

---

① ئېدىرنى كاپ ـ تۈركىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر — ت.

② فىندىكلى ـ تۈركىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر. ئىستانبۇل شەھىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىدىغان بىر جاي بولسا كېرەك ـ ت.

— ياق، بويىغا يېتىپ قالغان، قاقاقلاپ كۈلۈپلا يۈرۈيدىغان چىرايلىق قىز. پەقەت جىم تۇرالمايدىكەن.
— ئۇ دادىسى بىلەن ئاپىسىغا ئوخشاش ئىشلىمەمدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئەسما خانىم.
— ياق، ئاتا - ئانىسىنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى يەپ يۈرۈيدىكەن. ھازىرقى ياشلارنىڭ ھەممىسى شۇ.
— مۇنداق دەڭ.
— ئۇ ئەسكى قىز ئەمەس، ئەمما شوخراق ... دوستلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، كونا پاتېفوننى قويۇپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىدىكەن، بولۇپمۇ ...
بەك كۈلگۈنچەك، دەيدۇ دەپ ئويلىدى ۋاسىق. نۇرىيە خانىممۇ دەل مۇشۇ گەپنى دېمەكچىدى.
— بولۇپمۇ بەك كۈلگۈنچەك ... ياپياش بىر قىز بالا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قاقاقلاپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە كۈلسە، مەن نېمە دېيەلەيمەن.
— توغرا دېدىڭىز، نۇرىيە خانىم، — دېدى ۋاسىقنىڭ ئاپىسى، — ئۇ ياش قىزنىڭ كۈلۈشكە، خۇشال يۈرۈشكە ھەققى بار. بىزنىڭمۇ غەم - قايغۇسىز قاقاقلاپ ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەن چاغلىرىمىز بولغان.
ۋاسىق بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭمۇ قوشنىسىنىڭ ئاشۇ ياش قىزىدەك قاقاقلاپ ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەن چاغلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ۋاسىق ئاپىسىنى ھېچقاچان قاقاقلاپ كۈلۈپ باقمىغان، ئۇنىڭ بىچارىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن جىددىيلىك ھەم غەمكىنلىك ئۆمۈرۋايەت كەتمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ۋاسىق ئۆيگە يېنىپ كىرىپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىدىغان چاغدا قوشنىلىرى بىلەن بىر بۇلۇڭدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئاپىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ ئاپىسىنى ئورۇق مۇرىلىرىدىن قۇچاقلاپ:

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ، ئاپىجان، — دېدى.

— سەنمۇ ياخشى چۈش كۆر، ئوغلۇم.

ۋاسىق ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى ئايال بىلەنمۇ سالاملىشىپ، ئاندىن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. ئۇ نۇرىيە خانىمنىڭ:

— سىزنىڭ مۇشۇنداق ئىنساپلىق ئوغلىڭىز بار، سىز بەك تەلەيلىك، سىزگە دەي، خانىم، سىز پېشانىسى ئوك، ناھايىتى بەختلىك ئايال، — دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئىنشائاللا ... — دېدى ئەسما خانىممۇ گەپ قىستۇرۇپ.

ۋاسىق ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويدى.

ئۇ قىزنىڭ سىماسى ئۇدا ئۈچ ھەپتىگىچە ۋاسىقنىڭ كاللىسىدىن كەتمىدى. ئۇ قىزنى كۆرگۈسى، ئۇ قىز بىلەن دوست بولغۇسى، پاراڭلاشقۇسى كەلدى. تۇرمۇش ئادىتىنى يەنىمۇ ئوبدانراق ئىگىلەپ يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ۋاسىق ئۇ قىزنى پات - پات دېرىزىدىن كۆزىتەتتى. ۋاسىق ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. دېرىزە ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشقا ئۇ قىزنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى رازىدەك قىلاتتى. ھەربىر ئۇچراشقاندا، ئۇ قىز ۋاسىققا قاراپ بەزىدە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

ۋاسىف بىر كۈنى ئۆزىچە، ئۇ قىز مېنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى. مەن بىرەر قىزنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن.

ئۇ ئويغۇدىن قالدى. يېقىن ئارىدا باشلىنىدىغان ئىمتىھان ئۇنىڭ خىيالىدىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ «بىلەن چوقۇم تونۇشىمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇنىڭغا چوقۇم گەپ قىلىمەن ... بولمىسا، ماڭا ئازراقمۇ ئاراملىق يوق».

ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. ئۇ قىز ئۆيىدىن چىقسا، كەينىدىن بېرىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلماقچى بولدى، ئۇ قىزنىڭ ھەرگىز سىلكىۋەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

قىز ئۇنىڭغا «لەپپىدە» قاراپ دېرىزىسىنى ياپتى. ۋاسىف ئالدىراش كوچىغا چىقتى. ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، شۇئان ئۇ قىزنى كۆردى. قىز كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ قالاي دېگەنىدى. ۋاسىف قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ قىزغا يېتىشىۋالدى. قىز قىزىل كۆڭلەك كىيگەن، بوينىغا مېدالىيون ئاسقان، قولىغا ئەرزان پۇلاۇق، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سالغانىدى. قاپقارا چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆڭلىكى، ئەرزان پۇللۇق ئۈزۈك-مېدالىيونى چېنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەڭگىلتەك ئاياللاردىلا بولىدىغان مەپتۇن قىلارلىق ئاشۇ گۈزەللىكى كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلاتتى.

ۋاسىفقا ئۇ قىز سۈرەتتەك چىرايلىق تۇيۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ۋاسىف ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. ۋاسىف قىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ

كېتمشكه، ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماي كەينىدىن كېلىۋاتاتتى، قىز بولسا ئارىلاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ۋاسىفقا قاراپ قويۇپ، ئالدىرىماي، سالماق قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشىم كېرەك، ۋاسىف ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دەپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ قىزغا يېتىشىۋالاي دېگەن چاغدا يەنە، نېمە دېسەم ياخشى بولار؟، دەپ ئۆزىگە سوئال قويدى. ئۇ نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، دەيدىغان گەپمۇ دەرھال ئېسىگە كەلمىدى.

ۋاسىف شۇ تاپتا ئۇ قىزغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئەمدى بۇنداق ساراڭلىق قىلماي، ئۇنىڭغا كۆلكە بولۇپ بەرمەي ... مەن نېمىگە ئوخشاپ قالدىم؟... كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالدىم... نېمىشقا بۇنچە تەپ تارتىمەن؟ ئۇ مەن بىلەن بىر مەھەللىلىك قىزغۇ، ئۇمۇ باشقا قىزلارغا ئوپئوخشاش ... دەپ ئويلىدى.

ئۇ باشقا قىزلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان قىز ئىدى. ۋاسىف بۇنى ئۇ قىزنىڭ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆزىگە گەپ قىلغان چېغىدا چۈشەندى.

— مۇشۇ تۇرقىڭىز بىلەن نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ۋاسىفتىن ئۇ قىز.

ۋاسىف كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

— ماڭا گەپ قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى ۋاسىف تىلىنى چايناپ.

— سىز مېنىڭ كىملەرگە گەپ قىلىشىمنى خالايسىز؟—

ئۇ قىز شۇنداق جاۋاب بېرىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— ئۇنداق بولسا بەك خۇشمەن! — دېدى ۋاسىف ۋە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.
— سىز ئاۋۋال گەپ قىلىشقا پېتىنالمايسىز ...
— ئەمما ...
قىز ۋاسىفنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ:
— كەيىنىگە كىرىۋالغانلىقىڭىزنى ماڭا دېيىش ئۇچۇنلا، — دېدى.
— توغرا پەرەز قىلدىڭىز.
— پەرەز قىلىمىدىم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — ئۇ قىز كۈلكىدىن توختاپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ماڭا ئانچە - مۇنچە ئىچ -پەش تارتىپ قالغانلىقىڭىزغا يالغۇز مەنلا دىققەت قىلغان بولسام، بۇنىڭ كارى چاغلىق ئىدى. لېكىن مەھەللىمىزدە خەقلەر ئۇششاق گەپ قىلىۋاتىدۇ... ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا ئىككىمىزنىڭ گېپى... — دېدى.
— مەن نېمە قىپتىمەن، مەن؟ — دېدى ۋاسىف. تۇرقىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— سىز ھەمىشە مېنى مارايسىز، كۈن بويى دېرىزىنىڭ ئالدىدىن كەتمەيسىز، ھەتتا كېچىلىرىمۇ شۇنداق...، — دېدى قىز ۋاسىفقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ.
— سىز شۇنداق چىرايلىق تۇرسىڭىز،— دېدى ۋاسىف دۇدۇقلاپ، — پۇرسەت تېپىپ سىزنى بىر كۆرمىسگۈچە چىدىمايدىكەنمەن...
— پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا؟ بۈگۈن كەينىمگە كىرىشكە جۈرئەت قىلدىڭىز، ئەتىلىككە يەنە نېمە ئىشلارنى

قىلىپ يۈرىسىزكەن؟ ...

— لېكىن...

— بولدى، بولدى... قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ... مەن ئوبدان بىلىمەن، شۇڭا سىزگە دەپ قوياي، مەن ئۇنداق ياغلىما گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ماڭا مۇشۇنچىۋالا كايىپ كېتەمسىز؟

— ئەمىسە، سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەكمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ۋاسىن، — بۇنى ئويلىماپتىمەن...

— مېنىڭ نامىمغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— ھەي! مەن بۇنداق دېمەكچى ئەمەس!

— نېمە دېمەكچى؟

— قولۇم - قوشنىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدىغىنىمنى ئويلىماپتىمەن. سىزگە يىراقتىن قاراپ ھەۋەسلىنىۋاتقىنىمدا ... يىراقتا تۇرۇپ ... ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرغىنىمدا ...

— سىز ماڭا ھەۋەسلىنىۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ قىز ۋاسىنىڭ گېپىنى يەنە تارتىۋېلىپ.

— مەن باشقا گەپنى دەپ سالماي دەپ، مۇشۇنداق دەۋاتىمەن.

— سىز ماڭا مۇھەببىتىڭىز توغرۇلۇق گەپ قىلماقچىمۇ؟

— گەپ قىلسام بولمامدىكەن؟

— ماڭا، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دېگەن گەپنى قىلماڭ.

— ئەپسۇس، مەن قىلىدىغان بۇنىڭدىن باشقا گەپ يوق.

— ئوبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ، مەن كىچىك بالا ئەمەس. ئەرلەرنى ئاز ـ تولا بىلىمەن ... سىلەر قىلىدىغان ئىشلار بولىسا قوشناڭلارنىڭ قىزلىرىنى مارايسىلەر، ئاۋادا ئۇلار ياش، يەنە كېلىپ ئانچە سەت بولمىسىلا.

— مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم بار. ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشۋاتىمەن ...

— ئۇنداقتا سىز سىنىپ كۆچەلمەيسىز.

— سىنىپ كۆچەلمىسەم چاتاق بولىدۇ، بۇ بەختسىزلىككە سىز جاۋابكار.

ئۇ قىز كۈلۈپ كېتىپ، ئارقىدىنلا چىرايىنى تۈرۈپ، قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ:

— هازىر، سىزگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن دەپ قوياي، پۈتۈن ۋاقتىڭىزنى مېنى ماراشقا سەرپ قىلىۋېتىشىڭىزنى ياخشى كۆرمەيمەن، مەھەللىدىكى قېرى خوتۇنلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قېلىشىنىمۇ خالىمايمەن.

— مېنىڭ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشۇمنى چەكلەمسىز؟

— شۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلالىغان بولاتتىڭىز.

— بۇنچىلىك باغرى تاشلىق قىلماڭ.

— مەن باغرى تاشلىق قىلمىدىم.

— سىزگە يىراقتىن بولسىمۇ قاراپ ئولتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ ... ماڭا ئازراق رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭ... بولمىسا مەن شۇنداق بەختسىز ...

— سىز باشقىچىرەك چارە ئويلاپ تېپىڭ. ئەمدى بۇنداق قىلماڭ.

— بۇنىڭدىن باشقا قانداق چارە بار؟
— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىز.
— يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردىم.
— ۋاي تووۋا، — دەپ كۈلۈپ كەتتى قىز، — مەن سىزنى تېخى سەككىز ياشقا كىرگەنمىكىن دەپتىمەن.
— نېمىشقا؟
— يىگىرمە ئىككى ياشلىق بىرىگىت قىز دوستىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھامان چارە تاپىدۇ. ناۋادا خەقلەر ئۇنى دېرىزە ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشتىن چەكلىسە.
— ئەمىسە، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟
قىز كۈلۈمسىرەپ مۇلايىملىق بىلەن:
— سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، چوقۇم چارە تاپقان بولاتتىم، — دېدى.
— سىز ماڭا ئۈمىد ئاتا قىلدىڭىز ...
— كالۋا، — ئۇ قىز شۇنداق دېگىنىچە كىچىك قوللىرى بىلەن ۋاسىفنى قولتۇقلىۋالدى، — مېنى كىنوخانىغا ئاپىرىڭ ...
ئۇلار قولتۇقلىشىپ كىنوغا كىردى. بۇ ۋاسىف ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بەخت ئىدى. ۋاسىف قاراڭغۇدا ئۇ قىزنىڭ كىچىك قوللىرىنى سىلىدى، قىز ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويۇپ، بوش ئاۋازدا:
— بۇنداق ئەدەبسىزلىك قىلماڭ، قوشنام. خاپا بولۇپ قالىمەن، بولمىسا كىلەر قېتىم ئۆزىڭىز يالغۇز كېلىسىز، — دېدى.
ۋاسىف كىنوخانىدىن چىققان چاغدا:
— مېنىڭ ئىسمىم — ۋاسىف مىركان. سىزنىڭ ئىسمى-

ڭىزنى شۇنداق بىلگۈم كېلىدۇ، — دېدى.

— مېنىڭ ئىسمىم زۇلەيبە، — دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى جەريانلارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. بۇ ناھايىتى كىچىك بىر ھېكايە، بۇنداق ئىشلار ياشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىللە كىنوغا بارىدۇ، سوغۇق ئىچىملىك ئىچكىلى قەھۋەخانىلارغا كىرىدۇ. زۇلەيبەنىڭ نەزەرىدە، ۋاسىف پەقەت ئۇنىڭغا كۆيۈپ قېلىپ ئۇنى قەھۋەخانىلارغا ۋە كىنوخانىلارغا تەكلىپ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر يىگىت ئىدى.

زۇلەيبە ۋاسىف بىلەن باغچىلارغا باراتتى، ۋاسىف زۇلەيبەنىڭ قولىنى تۇتۇشقا تەمشەلگەندە ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. ۋاسىفنىڭ بۇ ھالى زۇلەيبەگە بەك قىزىق تۇيۇلاتتى، ئەمما ئۇ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمايتتى. ناۋادا ۋاسىف يۈرەكلىك ھالدا چاچلىرىنى سىيلاپ، بېلىدىن قۇچاقلىسا، زۇلەيبە تېرىكىپ:

— مەن دېگەن ئەخلاقلىق قىز، باشقىلارنىڭ ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن. مېنى ھۆرمەتلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەيتتى. تۇرۇپ يەنە:

— ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ، بولمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىز، — دەپ پوپوزا قىلىپمۇ قوياتتى.

زۇلەيبەنى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرەلمەي قېلىشىدىن قورقۇپ ۋاسىف دەرھال ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايتتى.

زۇلەيبە كەتكەندىن كېيىن ۋاسىف ئۆز - ئۆزىگە، ئۇ مېنى ياراتمايدۇ، مېنى كىچىك بالا قاتارىدا كۆرىدۇ... ئۇ بەك رەھىمسىز، بەك ھويىنى قاتتىق قىزكەن... دەيتتى.

ۋاسىق زۇلەيبەنى نېمىشقا شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ؟ زۇلەيبە كەم ئەقىل، ئاغزىغا كەلگەننى دەيدىغان، كىيىنىشكە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغان قىز. لېكىن ئۇ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشقا ئامراق. تىكىشى توختىمايدۇ، دائىم دېگۇدەك يوق ئىشلارغا ئۆزىچە قايناپ، بەزىبىر قوپال گەپلەرنى قىلىپ كىشىنىڭ دىلىنى رەنجىتىدۇ. ۋاسىق بىر تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنى، بىر تۇرۇپ خاپا بولغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. زۇلەيبە بولسا، خوشلىشىدىغان چاغدا بىردىنلا مۇلايىملىشىپ كېتەتتى، بىرەر ئېغىز شېرىن گەپ بىلەن بايا دېگەن گەپلىرىنى ۋاسىقنىڭ كاللىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتەلەيتتى. ۋاسىق راستىنلا خاپا بولسا، زۇلەيبەگە كايىپ كەتسە، زۇلەيبە ۋاسىقنىڭ كايىشلىرىغا مىتمۇ قىلىپ قويماستىن، گېپىگە قۇلاقمۇ سالماستىن تاغدىن - باغدىن گەپ قىلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ۋاسىق خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىنى قالتىس بەختلىك ھېس قىلىپ تۇرغاندا، زۇلەيبە بىرەر ئېغىز گەپ ياكى بىرەر قىلىق بىلەن ۋاسىقنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋېتەتتى.

شۇنداقتىمۇ ۋاسىق زۇلەيبەنى ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى.

مېنىڭ نەزىرىمدە سەن قانچىلىك بىر نېمە ئىدىڭ، دېگەننى قىلىپ، ئۇ ماڭا مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى ۋاسىق. تۇرۇپ يەنە، بىراق ئۇ نېمىشقا ۋەدىلەشكەن يەرگە چىقماي قالمايدۇ؟ نېمىشقا؟ دەپ بايىقى ئويىنى ئىنكار قىلاتتى.

ياز شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، كەينىدىن كۈز كەلدى.

ۋاسىق بوش ۋاقىتلىرىدا ئىلگىرىكى قىز دوستىنى ئىزدەپ بارمايدىغان بولدى. ئۇ قىز ئۆزىگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ۋاسىقنى ھېچقانداق قىز زۇلەيھە كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرەلمەيتتى.

ۋاسىق پات ـ پاتلا، زۇلەيھە مېنى ياراتمايدۇ ... بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇراي ... مەن چىدىمىدىم، دەپ ئويلايتتى. زۇلەيھە بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە كۆڭلىدە، بۇ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچرىشىش، دەيتتى. لېكىن خوشلاشقان چاغدا، ئىختىيارسىز كېلەر قېتىملىق ئۇچرىشىش توغرۇلۇق ۋەدىلىشەتتى.

ئۇلار ھەممىشە مەھەللىسىدىن ناھايىتى يىراق يەرلەردە ئۇچرىشاتتى. زۇلەيھە ۋاسىق بىلەن بىللە يۈرگەندە قوشنىلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشنى خالىمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ۋاسىق، ئۇنىڭ مەندىن باشقىمۇ يىگىتى بار ئوخشايدۇ، دەپ زۇلەيھەدىن گۇمانلىناتتى. بىر كۈنى ۋاسىق ئۇنىڭغا:

— ماڭا مۇشۇنداق سوغۇق، شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلغىنىڭىزغا قارىغاندا، سىز باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايسىز ...

— مەن باشقا بىرىنى ياخشى كۆرەمدىمەن؟... — دېدى زۇلەيھە قاشلىرىنى ھىمىرىپ، بىتاقەت بولغان قىياپەتتە.

— زۇلەيھە...

— بولدى بەس، سىز رەشىك قىلىۋاتىسىز ... مەن كۆنلەمچى ئادەمگە ئۆچ ...

— مەن كۆنلەمچىلىك قىلمىدىم،— دەپ رەت قىلدى. ۋاسىق.

— ئەمىسە نېمىشقا باشقىلارنى تىلغا ئالىسىز؟
— ئۇقۇپ باقاي دېگەنىدىم.

زۇلەيبە قولىنى ۋاسىفنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، سىز مېنى چۈشىنىڭ، مەن ئەخلاقلىق قىز، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئوبدان گەپ يوق. مەن باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن بولسام، ھەر كۈنى دېگۈدەك سىز بىلەن بىللە يۈرۈپ نېمە قىلىمەن؟ سىز مېنى يۈرىكىڭىزدىن ياخشى كۆرسىڭىز، مېنىڭچە ئۆزىڭىزنى ئاز - تولا تۇتۇۋالغىنىڭىز، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشمىغىنىڭىز تۈزۈك.

ۋاسىف تۈرمىدە، مېنى بەختسىز قىلىپ قويغان زۇلەيبەمىدۇ، دەپ ئۆزىگە تالاي قېتىم سوئال قويغانىدى. لېكىن ۋاسىف ئۆز - ئۆزىگە، زۇلەيبە ئەمەس، مېنى ھاڭغا ئىتتەرگەن ئادەم ئۇ ئەمەس. گۇناھكار ئادەم مەن، يالغۇز مەن گۇناھكار. بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئالاقىسى يوق. مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ مېنى مەندەك ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن مەۋجۇت ئەمەس ئىدىم، ئۇنىڭ ھاياتىدا مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتىم. مەن ھاياتىمنى، بارلىقىمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىۋەتتىم دەيتتى.

ۋاسىف زۇلەيبەنىڭ باغرى تاشلىقىغا قاراپ ئېسىنى يىغىۋالسا بولاتتى. ۋاسىفنىڭ زۇلەيبەگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى بىر خىل ئەسەبىيلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. لېكىن ۋاسىف زۇلەيبەنىڭ سەممىي - ساداقىتىدىن قىلچە گۇمانلانمىدى، ئۇنى قەدىرلەپ كەلدى.

زۇلەيبە تىكىشنى توختىمايدىغان قىز بولسىمۇ ۋاسىفقا قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمىدى. ۋاسىف ئۆزىنى ياخشى كۆر-مەيدىغان مۇشۇ قىزدىن ئازغىنا ئىللىقلىق تىلەيتتى. بۇن-داق تەشنالىق ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى توختىماي كۆيدۈ-رەتتى. ۋاسىف زۇلەيبەنى ياخشى كۆرەتتى ... زۇلەيبە شۇ قەدەر چىرايلىق ئىدى، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن ئەتلىرى سىلىق ھەم پارقىراپ تۇراتتى. بۇغداي ئۆڭ كەلگەن ئەت يۇمشاق ھەم يىللىق بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلاتتى ئۇ. ئۇنىڭ نازۇك بىلى ئىنچىكە، مەگزىياسىرىنىڭ ئىچىقى ئاق، قىزىلى قىزىل، لەۋلىرى غۇنچىدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، كۈلكىسى شاد ئىدى. زۇلەيبە ۋاسىفقا گىلاس دەرىخىنىڭ بىر تال شېخىنى ئەسلىتەتتى. زۇلەيبەنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن ۋاسىف ھەرقانداق نەرسىگە چىداشقا رازى ئىدى. ئەمما زۇلەيبە ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى. زۇلەيبە ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن ۋاسىفنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتى. ۋاسىف زۇلەيبەنىڭ ھاقارەت تۇسىنى ئالغان كەمسىتىشلىرىنى ھېس قىلغانسېرى زۇلەيبە ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇ-لۇپ كېتەتتى.

راست، ۋاسىف تۇرمىدە دائىم دېگۈدەك ئۆز - ئۆزى-گە، مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە زۇلەيبە جاۋابكار ئەمەس، دەيتتى. زۇلەيبە بۇ بەختسىزلىكنى ئۆز خاھىشى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس، ۋاسىف ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقى-نى قۇربان قىلىۋېتىشكە ھازىرلانغاندا، زۇلەيبە ئۇنىڭغا بۇنداق تەلەپ قويمىغانىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ۋاسىف-نىڭ بارلىقىنى نېمىشقا بۇنداق قۇربان قىلىۋېتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى زۇلەيبە ئەسلا چۈشەنمەيتتى، بۇ ئىشلارنىڭ

ھەممىسى زۇلەيبە ئۇچۇن چۈشىنىكسىز ئىشلار ئىدى. زۇلەيبە ۋاسىف چۈشەنگەن ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداق قىزنى ۋاسىف ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان. تاغىسىنىڭكىدە، نېپىلا چولڭ ئاپىسىنىڭ بېشىدا زۇلەيبە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئاشۇ كۈن ھېلىمۇ ۋاسىفنىڭ يادىدا ئىدى. زۇلەيبە شۇ كۈنى باشقا بىر ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئىلگىرىكى زۇلەيبەدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. بۇ ئەھۋالدىن ۋاسىف ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى زۇلەيبەگە ئالدىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىۋالسا بولاتتى. لېكىن زۇلەيبە ئاغزى تالغۇچە ۋاسىفقا چۈشەندۇردى. ئۇنىڭ چۈشەندۇرۇشلىرى كىشىنى قىلچە قايىل قىلالمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ۋاسىفنىڭ كۆڭلى ئاسانلا ئورنىغا چۈشتى.

شۇ يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، ئاپىسى قىپقىزىل چوغقا تولغان چوغداننى كۆتۈرۈپ ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ئۇ تېخى يوتقاندا ئىدى.

ئاپىسى چوغداننى ئۇدۇلىدىكى كارىۋېتىنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئېڭىشىپ مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— تۇرە! ئوغلۇم، سائەت ئون بولدى...

— ماقۇل، ئاپا...

ئاپىسى ناشتىلىق تەييارلىغىلى چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي يېنىپ كىردى. ۋاسىف چاي ئىچىۋاتاتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى بىر ئىشقا بۇيرۇيمەن... رەت قىلمايسەن.

— مەن ھېچقاچان رەت قىلىپ باققان ئەمەس، ئاپا،

ئېمه ئىشتى ئۇ، قېنى دەك...
— ماقۇل، بۇگۈن بېرىپ نېيلا چوڭ ئاپاڭنى يوقلاپ كەل.
ۋاسىف چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.
— ساڭا تازا خۇش ياقمىغاندەك قىلىدۇغۇ...
— نېيلا چوڭ ئاپامنى يوقلاپ كېلىمەن، ئاپا، خاتىرجەم بولۇڭ، چوڭ ئاپامنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. لېكىن... لېكىن، شۇ تاغام بار، سىز بىلىسىز، مەن ئۇنىڭغا ئۆچ، ئۇ ئادەم...
ئاپىسى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— چوڭلار توغرۇلۇق بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلما، ئوغلۇم، ئۇنىڭ داداڭنىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما.
— چوڭلار! ... بىراۋنى تىللا دېسە، ئاغزى كەلگىنىچە تىللايدۇ، بىراۋغا ياردەم بەر دېسە ... شۇڭا نۇرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئۆچ...
— بىر نەۋرە ئىنىڭنىڭ كاللىسى يوق.
— مەن بۇنداق ئويلىمايمەن.
— گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سال، ۋاسىف، نېيلا چوڭ ئاپاڭنىڭ كېسىلى بەك ئېغىركەن ... سېنى ئۆزۈڭدىن بېرى دوختۇر دەپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ... بىر كۈنى چوڭ ئاپاڭ ماڭا، كىچىك دوختۇر ھېمىشقا مېنى يوقلاپ كەلمەيدۇ، دەپ كەتتى.
— راست، نەچچە ھەپتە بولدى. چوڭ ئاپامنى يوقلاپ بارالمىدىم.
— نەچچە ھەپتە بولدى دەمسەن ... نەچچە ئاي بولدى دېگىن ...

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— چوڭ ئاپاڭنىڭكىگە بارمىغىنىڭغا ئۈچ ئاي بولدى.
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — ۋاسىي يەنىلا شۇنداق دېدى.
ۋاسىي زۇلەيىغا بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ھەر قانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاپىسى گېپىنى داۋام قىلىپ:
— نەچچە كۈن بوپتۇ، چوڭ ئاپاڭنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى. ئاپىسىنىڭ چىرايى قايغۇلۇق ئىدى.
— كېسىلى يېڭى باشلانغاندا، بۇ كېسەلنىڭ ناھايىتى يامان، ساقايماس كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم.
— ئۇ بىر بىچارە ئايال، ئوغلۇم، يوقلاپ بېرىپ، ئىمكان بار تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ قويۇپ كەل.
— بولىدۇ، ئاپا.
— ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، چوڭ ئاپاڭ سېنى خېلىدىن بېرى دوختۇر قاتارىدا كۆرۈپ كېلىۋاتىدۇ...
— مېنىڭ دوختۇر بولۇشۇمغا خېلى بار، — دېدى ۋاسىي كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن بۈگۈن بىچارە چوڭ ئاپامنى يوقلاپ كېلەي.
— سەن چوڭ ئاپاڭغا پەقەت يېپىشمايسەن.
— مېنى ئەيىبلەۋاتامسىز؟
— ئەسكەرتىپ قويۇۋاتىمەن...
— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ئاپا، سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي، تاغام بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خالىمايمەن... مەن ئۇنى يامان كۆرىمەن، نۇرىنىڭ دېگىنى ھەقىقەتەن توغرا.
— تاغاڭنى سەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش يامان كۆرۈدى-

كەتسەن ـ دە.

— راست گەپنى قىلسام، مەن ئۇنى ئەمەس، ئۇ مېنى يامان كۆرىدۇ... شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئۆچ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى ئۇنىڭدىن.

— ئۇنىڭ نەزەرىدە جەمەتىمىزدىكى ھەر قانداق بىرەيلەننىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەسمىش، يالغۇز شۇلا ئەڭ قابىلىيەتلىك، ئەڭ ئەقىللىكمىش... ھەممە ئىشتا شۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەكمىش.

— ئۇ دېگەن ئاتا يوللۇق ئادەم، ئوغلۇم.

— قەدىرلىك ئاپا، بۇنداق دەۋەرمەڭ، خۇش بولۇپ كېتەي. ئۇ ئاتا يوللۇق ئادەم بولسا، بۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس ياكى ئۇنى ئاتا يوللۇق ئورۇنغا مەن چىقىرىپ قويمىدىم.

— ۋاسىف، مەن سېنىڭ بۇنداق دېيىشىڭنى ياقتۇرمايمەن ...

— مەنچۇ، ئۇنىڭ بىزگە تۇتقان ئۇنداق مۇئامىلىسىنى ياقتۇرمايمەن. سىزگە يەنە بىر دەپ قوياي، ئۇ قېرى ئەبلەخ كۆزۈمگە ئالۋاستىدەك كۆرۈنىدۇ.

— بىلىمەن... تاغاڭ داداڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ، چىشىڭغا تېگىپ قويغان.

— راست، ئۇنىڭ دادام توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرى سەل ئارتۇق بولۇپ كەتتى... ئۇ، داداڭ ...

ۋاسىفنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى، گېپىنى ئاپىسى تارتىۋېلىپ:

— ھاراقكەش دېگەندۇ، — دېدى.

ۋاسىفنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئاپىسى ھەسرەتلىك كۈلۈپ:

— ئۇنىڭ ئولتۇرسا - قوپسا شۇنداق دەيدىغانلىق-
نى بىلسەن، — دېدى يەنە.
— دادىڭ راكى ھارىقىنى جىق ئىچىۋېتىپ ئۆلدى، ئازراق ئىچكەن بولسا، ياپياش ئۆلۈپ كەتمىگەن بولارئىدى، ئۇنىڭ داۋاملىق دەيدىغان گېپى شۇ.
— ئۇ شۇنداق دېسە كۆڭلى خۇش بولۇپ قالامدىكىن؟ دادىڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان، تاغاڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن دادىڭنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. سەن بىلسەن، تاغاڭ دادىڭنى دۇكىنىدا مال ساتقۇچى قىلماقچى بولغان.
— بىلمەن، دادام ئۇنىمىغان.
— دادىڭ پاكلاۋېر بولماقچىدى.
— ئۆتكەندە تاغام ئۆيىمدە ماڭا، دادىڭ كىتاب-لارنى تولا ئوقۇپ ئادەمنى سارىڭ قىلىپ قويياي دېگە-نىدى، — دېدى ۋاسىف سوغۇق كۈلۈپ، — بىراق، ئىلىپ-نىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ ياخشى كۈنگە ئېرى-شىمەن، دەپ، ياخشى كۈنگە ئېرىشەلەيدىغان ئوخشايدۇ.
— قېرىلار ئاغزىغا كەلگىنىنى دەيدۇ، بالام. نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەيىبلىرىنى كەچۈرگىن.
— شاكىر تاغام ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، — دېدى ۋاسىف دۇدۇقلاپ، — ئۇ ئۆزىنى ھەممە ئادەمدىن ئۈستۈن تۇتىدۇ.
ۋاسىف ناشتا قىلىپ بولۇپ، گەپ قىلغاچ كىيىملىرىنى كىيدى.
— دېگىنە، ئاپا، دادام راستىنلا ھاراقنى جىق ئىچەمتى؟
— ياق، بالام، ئۇنداق ئىش يوق. دادىڭ ھەر كۈنى تاماقتىن ئاۋۋال ئازراق ھاراق ئىچەتتى، بەزىدە

كۆپرەك ئىچىپ قويانتى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن داداڭنى هاراقكەش دېگىلى بولمايدۇ. بۇ گەپلەرگە ئىشەنمە.
ۋاسىق مۇرىسىنى قىسىپ قويىدى.
— بۇ ئىشلارنىڭ كارى چاغلىق... مەيلى هاراقكەش بولسۇن - بولمىسۇن، ئۇ دادامنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، دادام تۇگەپ كەتكىلى ئون يەتتە يىل بولدى، بۇ ئىشلارنى تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق.
— توغرا دېدىڭ.
— دادامنىڭ ئورنىغا بالاغا ئەمدى مەن قالدىم، تاغام تىنماي ۋالاقلاپ، سېنىڭ ياش - قورامىڭدىكى ئادەم باشقىلاردەك ئىشلىسە چوقۇم جېنىنى جان ئېتىپ كېتىدۇ، دەيدۇ، ئوقۇشۇمنى ئوقۇۋەرسەم، ئۇ مېنى تىنچ قويماسمىش.
ئاپىسى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ مېھرىلىك ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا:
— ئۇنداق قىلالمايدۇ، بالام، سەن ئوقۇشۇڭنى تۈگەت... مەن ئىشلەيمەن، — دېدى.
ۋاسىقنىڭ تاغىسى شاكىرمۇ شۇ مەھەللىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك ياغاچ ئۆيى بار ئىدى. ۋاسىق ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باستى. ئۇنىڭغا ئىشىكنى قىرىق بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ئايال ئېچىپ بەردى. ئۇ تەتۈر ئۇستىخان، چىرايى سوغۇق، بېشىغا قارا چۈمپەردە تارتىۋالغان، پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئۇستىگە تىۋىتلىق كالتا چاپان كىيىۋالغان ئايال ئىدى. ئايال ۋاسىققا بىرهازا قاراپ، ئىشىكنى يېرىم ئېچىپ:
— نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى گۇمان ئارىلاش.
— مەن شاكىر ئەپەندىنىڭ جىيەنى بولىمەن.

— كىرىڭ.

ئايال ۋاسىفنى ئۆيگە باشلىدى. ۋاسىف ئۇستىۈنكى قەۋەتكە چىقىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كەينىدە تۇرغان ھېلىقى ئايالدىن:

— چوڭ ئاپام ئۇخلاۋاتامدۇ؟ كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇ ئويغاق، كىرىۋېرىڭ. سىز ئۇنىڭ جىيەنى، ھېلىقى دوختۇر بولىدىغان جىيەنى. توغرىمۇ؟

ۋاسىف كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— دوختۇر... ياق، مەن تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىسى، — دېدى.

— بەربىر ئوخشاشقۇ. سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئاپىڭىز نېيىلا خانىمغا، سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى دېگەن، — ئاندىن ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، — نېيىلا خانىم، سىزنىڭ يۈرەك پارىڭىز بولغان ياش دوختۇر كەلدى، — دېدى.

ئۆينىڭ ئىچكىرى بىر يېرىدىن:

— ئاھ!... ۋاسىف... — دېگەن زەئىپ ئاۋاز كەلدى.

— مەن، چوڭ ئاپا.

ۋاسىف ئۆيگە كىردى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي بىردىنلا بوسۇغىدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. زۇلەيخە ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم نېرىدا ئولتۇراتتى.

زۇلەيخە تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھېلىقى زۇلەيخەسى ياسىنىپ، گىرىم قىلىپ يۈرەتتى. ئەمدىكىسى ئاددىي ياسانغان، ھەتتا لېۋىگە لەۋ بويىقمۇ سۈرمىگەن ھالەتتە يەرگە قاراپ يۈزى تۆۋەن قىز سۈپەت

ئۇلتۇراتتى. يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان بوستان چاچ-
لىرى ئىگىكىدىن چىڭ چىگىۋالغان ياغلىقىنىڭ ئاستىدا
بېسىلىپ قالغانىدى. ئۇچىسىدا كۆل رەڭ كىيىم، قوللىرىنى
تىزىغا قويۇۋالغانىدى. ئايىغىنى شاكىر ئەپەندىنىڭ قائىدى-
سى بويىچە ئىشىكنىڭ يېنىغا سېلىپ قويغانىدى.

زۇلەيبە ئادەتتە ناھايىتى ھاكاۋۇر ھەم بېشەم ئىدى. بۈگۈن بولسا ئېھتىياتچان، ئۇياتچان بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئەجەب بوسۇغا تۈۋىدە تۇرۇپ قالدىڭغۇ، بالام... بۇياققا كەل، — دېدى نېيلا خانىم بوش ئاۋازدا.

— مانا، چوڭ ئاپا.

ۋاسىق كارىۋات تەرەپكە قاراپ ماڭدى. چوڭ ئاپىسى ۋاسىققا قاراپ مېھرىبانلارچە كۈلۈمسىرەپ ياتاتتى.

ياغاچ كارىۋات بەك چوڭ ئىدى. سېرىق تاۋار يوت-
قاننىڭ چۆرىسىگە قارامتۇل يېشىل رەختتىن زىغزىق تۇتۇل-
غانىدى. رەڭلىك چىلتەك تۇتۇلغان يېشىل قول ياغلىقىقا ئورالغان قۇرئان كارىۋاتنىڭ بېشىدا تۇراتتى. ۋاسىقنىڭ چوڭ ئاپىسى ئاپئاق يوتقاندا تىپتىنچ ياتاتتى، كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ۋاسىق ئېڭىشىپ:

— خېلى ئوبدان بوپقالغاندەك تۇرىسىز چوڭ ئاپا، — دېدى.

ۋاسىق چوڭ ئاپىسىنىڭ نەم ھەم ماغدۇرسىز كىچىك قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ سۆيۈپ قويدى. باشلاپ كىرگەن ھېلىقى ئايال ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇزدا:

— كېسەلدە ئازراقمۇ ئۆزگىرىش يوق... نەچچە كۈن بولدى، خانىم بەك جاپا تارتىپ كەتتى، — دېدى

ۋاسىفقا چوڭ ئاپىسىغا ۋەكالىتەن.
چوڭ ئاپىسى ھاسىراپ تۇرۇپ:
— بەك قىيىنىلىپ كەتتىم، بالام... مېنىڭ كېسىلىم ناھايىتى ئېغىر، — دېدى.
— ئانچە ئېغىر ئەمەس ... ياخشى بوپكېتىسىز، چوڭ ئاپا، چوقۇم ياخشى بوپكېتىسىز.
— شۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ — دېدى چوڭ ئاپىسى ھەسرەتلىك كۈلۈپ، — مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساۋاتىسەن، ماڭا مەدەت بېرىۋاتىسەن.
— سىزگە مەدەت بېرىشنىڭ ئورنى يوق. سىز... سىز ئاجايىپ باتۇر. كېسىلىڭىز ئۆزۈڭىزغا سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن، دەم ئېلىشىڭىز زۆرۈر، دەم ئالسىڭىزلا...
— مەن بەك چارچاپ كەتتىم، چارچاپ ھالىمدىن كەتتىم...
— ئۆزۈڭىزغا قاراپ ياخشى بوپكېتىسىز، چوڭ ئاپا. مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىڭ.
— مەن ئىشەنمەيمەن... مەن مۇشۇ كېسەلدىن ئۆرە بولالمايمەن.
ۋاسىفنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ھېلىقى دارازا ئايال ئېگىشىپ نىيلا خانىمغا:
— ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ، قەدىرلىك قوشنام.ئاخىرقى تىنىقىڭىز قالغۇچە ئۈمىدلىك بولۇڭ، — دېدى.
ئاخىرقى تىنىقىڭىز قالغۇچە، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ نىيلا خانىم تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق قاراشلىرى ۋاسىفنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ۋاسىف ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋېدى، ھېلىقى ئايال يەنە گېپىنى

داۋاملاشتۇرۇپ:

— جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان پىلـەنمۇ، كىشىنىڭ رىزقـى تـۈگىمىسە، خۇدا ئـۇنىڭغا يـەنىلا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. مۇسۇلمان بەندە ئـۇچۇن ئـۆلۈم ھـەرگىز قورقۇنچلـۇق ئەمەس. ئۇ دۇنيانىڭ مـەئىشىتى ئالدىدا بۇ دۇنيانىڭ مەئىشىتى ھېچقانچە گەپ ئەمەس. ئادەم ئۆزىنىڭ روھىنى پاكلاپ، قىلغان گۇناھلىرى ئۇچـۇن خـۇدايىمنىڭ ئالدىدا تووۋا قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆلۈمنـى كـۈتۈۋالـماقلىقى جايىز.

— بولدى بەس، خۇش بوپكېتەي، — دەپ يالۋۇرـدى نېيلا خانىم، — بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى.

— ياق، قوشنام، مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشقىنىمىز دۇرۇس. ئېرىڭىزمۇ ساداقەتمەن مۇسۇلمان سۈپىتىدە مېنىڭ گېپىمنى ماقۇل تاپىدۇ... ئـامانەتنى تـاپشۇرۇشقا ھـازىر بولۇپ تۇرماق كېرەك.

— پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلىمەن، — دېدى نېيلا خانىم دۇدۇقلاپ، — مەن ئۆلۈمگە تەييار، مەن ھاياتىمنى ساداقەتمەن مۇسۇلمان بەندىسىدەك ئۆتكۈزدۈم.

ۋاسىف چوڭ ئاپىسىنىڭ قـولىرىنى سـلاپ، ئۆزىنى زورمۇ زور خۇشال تۇتۇپ:

— سىز ئاق كـۆڭۈل مـۇسۇلمان بـەندىسى، تېخى ئۇزۇن ياشايسىز، — دېدى.

نېيلا خانىم ۋاسىفقا قـاراپ ھېچقـانداق گـەپ قىلـماستىن كۆلۈپ قويدى.

ئىشىك ئېچىلدى. ۋاسـىف كـەيـنـىگـە ئـۆرۈلـۈپ تاغىسىنى كۆردى. تاغىسى قايتىپ كەلگـەنىدى. ئـۇ ئېگىز

بويلۇق، كەلگەن مۇربلىرىدىن گۆش قاچقان، قويۇق قاشلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بوۋاي ئىدى. قولىدا تەسۋى، پايىنەك بېشىغا قارا بەرقۇت تەقسي كېيىۋالغانىدى.

— تىنچلىقمۇ، ۋاسىق، — دېدى ئۇ سۇسلا.

— سالامەتمۇسىز، تاغا، — دېدى ۋاسىق جاۋابەن.

ئۇ تاغىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قولىنى سۆيۈپ قويدى.

زۇلەيبە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى.

— مەن هەر هالدا، — دېدى تاغىسى شاكىر، — مەندەك بىر تاغاڭ بىلەن ئاغرىق چوڭ ئاپاڭنى ياد ئېتىپ يوقلاپ كەلگىنىڭنىمۇ كۆرىدىكەنمەن.

— مەن بەك ئالدىراش، تاغا، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

— راست ... راست... بۇ كۈننىڭ ياشلىرى ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلىمىز.

زۇلەيبە بېشىنى يەردىن ئالماي، خىجىل بولغان قىياپەتتە پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئۆرە تۇراتتى. شاكىر ئەپەندى زۇلەيبەگە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادە دەرھال ئۆزگەردى.

— ئۆرە تۇرماڭ، قىزچاق، — دېدى ئۇ، — ئولتۇرۇڭ.

زۇلەيبە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەدەب بىلەن كۈلۈمسىرەپ:

— رەھمەت، — دېگىنىچە بايىقى ئورنىدا ئولتۇردى.

ۋاسىقنىڭ تاغىسى زۇلەيبەنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىنى بوش يۇمۇپ، قاتاڭغۇر بارماقلىرى بىلەن تەسۋى سىيرىشقا باشلىدى. ئۇ زۇلەيبەگە يېنىشلاپ قارىمىدى. قارا ياغلىق چىگكەن

ھېلىقى ئايال زۇلەيبەگە:

— ئاشخانىغا چۈشۈپ شاكىر ئەپەندى بىلەن ماۋۇ ياش ئەپەندىگە قەھۋە دەملەپ چىق، — دېدى.

— ماقۇل، ئاپا.

ئاپىسى؟ مۇشۇنداق مۇز چىراي، دارازا ئايال راستىنلا زۇلەيبەنىڭ ئاپىسى بولسا... ۋاسىف ھەيران قالدى.

ۋاسىف ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان زۇلەيبە ئۇنىڭغا نەزەر - كۆزىنى سالمىغانىدى. ئەشكىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆرۈپ قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چاغدا زۇلەيبە ئاندىن ۋاسىفقا «لەپپىدە» قارىدى. چىرايىدىكى نىقابىنى ئېلىۋەتكەچكە، ھەدېسىلا كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان زۇلەيبەنىڭ جىلۋىلىك چىرايى ۋاسىفنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭىباشتىن نامايان بولدى. ئۇ ۋاسىفقا قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ كۈلگىنىچە كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ يالىڭاياق بولغاچقا، ئۆيدىن تېزلا چىقارماي چىقىپ كەتتى. ئەمما يەنە يېپىلدى. تاغىسى ۋاسىفقا:

— ئالدىنقى كۈنى، ئېنىقراق ئېيتسام، ئۈلۈشكۈن ئاخشام، مەن سېنىڭ مۇشۇ جاۋاھىر كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەيخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ قالدىم.

ۋاسىف سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— بۇ ھەيران بولۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس، مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى شۇ يەرگە بارىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

تاغىسىنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلدى، ئۇ بېرىلگەن جاۋابتىن تازا رازى ئەمەس ئىدى.

— ئىلگىرى، مەن داداڭ رەھمەتلىكنىڭمۇ ساڭا ئوخـ
شاش ئاشۇ مەيخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدىغان...
كۈن ئارىلاپ كـۆرۈپ قالاتتىم... ھـالا بـۇگۈنكى كۈندە
ئـاپاڭ چـەت ئـەللىكلـەرنىڭ ئـۆيىدە چـاكـار بـولـۇپ
ئىشلەۋاتىدۇ.

ۋاسىف پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، لېكىن ئـۈندىمـ
دى. تاغىسى توختىماي سۆزلەۋاتاتتى.

— داداڭنى دورايمەن دېسـەڭ، ئـۆيدە ئىلاجى بـار
داداڭنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئاپاڭنى قىلالمايدىغان ئىشلىر-
دىن ئازاد قىل.

— بىراق، تاغا، پات ئارىدا ئوقۇش پۈتتۈرىمەن...

— ئوقۇشۇڭنى... — تاغىسى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ،
ئاغرىنغـاندەك، — مـەيخانىدا بىر يـاقتىن راكى ھارىقى
ئىچىپ، يەنە بىر ياقتىن ئـوقۇساڭ پـۈتتۈرەلمەيسەن، —
دېدى.

بۇ چاغدا كارىۋاتتا ياتقان نېيلا خانىم قول ئىشا-
رىسى قىلىپ زەئىپ ئاۋازدا:

— شاكىر ئەپەندى، بالىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرمىسىلا...
ھازىر ئۇنداق ئىشلارنى تـەگەيدىغان چـاغ ئەمەس، —
دېدى.

نېيلا خانىم شۇنداق دەۋېتىپ، ئـۆتلۈنـۈش ئىپـادىـ
سى ئەكس ئەتكەن كۆزلىرى بىلەن ۋاسىفنىڭ كۆزلىرىگە
قارىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ قاراپ تۇرۇپ گەپ تەگكىشىپ قىلىـ
شىدىن ئەنسىرەپ، ۋاسىفنى جاۋابلاشماي جىم ئولتۇرۇشقـا
دەۋەت قىلماقچى بولغانىدى. نېيلا خانىم جىيەنىگە قايغۇ-
لۇق، قورقۇنچ ئارىلاش قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ ۋاسىف

نىڭ خا پا بولۇپ بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەي قويۇشىدىن، ئۇنى
ئىككىنچى كۆرەلمەي قېلىشىدىن غەم قىلاتتى. بۇ ئوي
ئۇنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ گەپ قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.
ۋاسىفنىڭ تاغىسى ئايالى تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— نېيىلا خانىم، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشماڭ، — دېدى چېچىلىپ.

نېيىلا خانىم كۆزلىرىنى يۇمدى، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

ۋاسىف كارىۋاتقا يېقىن بېرىپ چوڭ ئاپىسىنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە چىڭ سىقتى، ئاندىن چوڭ ئاپىسىلا ئاڭلىيالىغۇدەك قىلىپ:

— چوڭ ئاپا، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن، مەن يەنە كېلىمەن... سىز ساقىيىپ كەتكۈچە كېلىپ تۇرىمەن، — دېدى.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى نېيىلا خانىم بوش ئاۋازدا، — يېنىمدا سەن بولساڭ، ئۆزۈمنى ئاز - تولا ياخشى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەنمەن. بەك يالغۇزچىلىق تارتىپ كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلىم ئېغىر...

ۋاسىف چوڭ ئاپىسىنىڭ يالغۇزچىلىق تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. مۇشۇ نەپسانىيەتچى ئەبلەخ بىلەن بىللە ياشاپ بەختلىك بولالمىغانلىقىنى، ئازراقمۇ خوۋلۇق كۆرمىگەنلىكىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى خوجايىن ئايالدەكمۇ ھېس قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. نېيىلا خانىم بىر ئۆمۈر قولدەك ياشىدى، ھەم بالا يۈزى كۆرمىدى. شۇڭا ئۇ ۋاسىفقا بەك ئامراق ئىدى. ئىرىنىڭ ئىككى جىيەنى ئىچىدە ۋاسىفنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ۋاسىفقا ئۆز

ئوغاسغا كۆيگەندەك كۆيەتتى.

پەتنۇس كۆتۈرگەن زۇلەيىبە ئىشىكنى ئىچىپ ئۆيگە كىردى. ئۇ قائىدە - يوسۇناۇق، يۈزى تۆۋەن قىزلاردەك بولۇۋالغانىدى. ئۇ ۋاسىفنىڭ تاغىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئېگىلگەن هالدا:

— بۇ سىزنىڭ قەهۋەيىڭىز، مەرهەمەت، — دېدى.

شاكىر ئەپەندى كۈلۈمسىرىگىنىچە، زۇلەيىبەگە رەهمەت ئېيتىپ، ئىستاكاننى قولىغا ئالدى. زۇلەيىبە ئاندىن ۋاسىفنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئىچىپ قويامسىز؟ —دەپ ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان قەهۋە تۇتتى.

— ئىچىپ قوياي... رەهمەت...

ۋاسىف زۇلەيىبەنى بىرىنچى قېتىم مۇشۇ ئۆيدە ئۆزىگە شۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلىۋاتقان ئەهۋالدا كۆردى. زۇلەيىبەنىڭ نەقەدەر ئوماق، مۇلايىملىقىنى، هېلىقى ئەركە - نازىناق ۋە ئۆكتەم زۇلەيىبەگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدى. ۋاسىف يۈرىكىدىن سۆيگەن هېلىقى زۇلەيىبە، كىنوخانا بىلەن قەهۋەخانىدىكى هېلىقى زۇلەيىبە، ئازابلاپ قىينىغان هېلىقى زۇلەيىبە غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قۇلىقى يۇمشاق، مۇلايىم زۇلەيىبە ئالغانىدى. ۋاسىف هاياتىنى مۇشۇ زۇلەيىبەنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلاتتى... بۇنداق بەختنى ۋاسىف هېچقاچان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ مېنىڭكىدە تۇرسا، ماڭا مەڭگۈ هەمراھ بولسا... ئۇنى ئەمرىمگە ئالسام... قانداق پەيزى بولاردى... دەپ ئويلايتتى.

ۋاسىف قولىدىكى قەهۋەنى زۇلەيىبەنىڭ ئاپىسىغا سۇنۇپ:

— باشقا يوقمۇ... — دەپ كۈلۈمسىرەپ سورىدى زۇلەيبەدىن.
— يوق، ئۇ سىزنىڭكى...
— ئەمسە، ئۆزىڭىزنىڭكىچۇ؟
— مېنىڭ قىزىم ئاپىسىنىڭ ھەم چوڭلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز قەھۋە ئىچمەيدۇ، — دېدى قارا ياغلىق چېگكەن ئايال مەغرۇر ھالدا، — بىزنىڭكىدە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەر بۇرۇنقىدەك ھۆرمەتكە ئىگە.
— مەن، مەن، چوڭلارنىڭ ئالدىدا قەھۋە ئىچىشنى ھۆرمەتسىزلىك، دەپ قارىمايمەن، — دېدى ۋاسىف مىيىقىدا كۈلۈپ.
— نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، مېنىڭ قىزىم دادىسىنىڭ ئالدىدا قەھۋە ئىچىشكە ياكى تاماكا چېكىشكە پېتىنسا، دادىسىنىڭ جان - ئىمانى چىقىپ كېتىدۇ... سىز مەيلى نېمە دەڭ، بۇ ئادەتنى بىز ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمىز.
ۋاسىف كۈلۈمسىرىگىنىچە قەھۋەسىنى ئىچىۋەردى ۋە:
— تاغا، سىزدىن مېنىڭ قەھۋە ئىچىشىمگە ئىجازەت بەرسىكەن دەيمەن، — دېدى.
تاغىسى غۇدۇڭشۇپ قويدى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى
— شاكىر ئەپەندى، بۇ قەھۋە يامان ئەمەس دەملەنگەندەك دەيمەن، — دېدى زۇلەيبە.
— بەك ياخشى دەملىنىپتۇ، ئوبدان دەملەيدىكەنسىز.
شاكىر ئەپەندىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، زۇلەيبەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
ئاردىن نەچچە كۈن ئۆتتى، ۋاسىف يەنە چوڭ

ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. تاغىسى ئۆيدە يوق ئىدى. ۋاسىف زۇلەيبە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن زۇلەيبە يوق، نېيلا خانىمنىڭ يېنىدا زۇلەيبەنىڭ ئاپىسى بار ئىدى.

— ھەمراھىڭىز ھەقىقەتەن ئوبدان ئىكەن، چوڭ ئاپا.

— راست دەيسەن، چوكراي خانىمنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى، مۇئامىلىسى سىلىق... ئۇ مېنى پەقەتلا يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ.

چوكراي خانىم مۇرىسىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىسىپ قويۇپ:

— مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىلا قىلدىم. بۇ تىلىغا ئالغۇدەكمۇ ئىش ئەمەس. بۇ كۈن ھەربىرىمىزنىڭ بېشىدا بار، شۇ چاغدا بىزمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىمىز، — دېدى.

نېيلا خانىم تەقدىرىگە تەن بەرگەندەك ئېچىنارلىق كۈلۈمسىرەپ:

— بىلىمەن، خۇدايىم پات ئارىدا مېنىڭدىن ئامانىتىنى ئالىدۇ، چوكراي خانىم، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، مەن كېتىپ قالسام، سىز شاكىر ئەپەندىنى يالغۇز تاشلاپ قويمايسىز، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىسىز... ئۇنىڭمۇ ساناقلىق كۈنلىرى قالدى... — دېدى.

— سىز غەم قىلماڭ، قوشنام، — دېدى جاۋابەن ھېلىقى ئايال، — ناۋادا سىزنى ياراتقان ئاللا ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتسە، شاكىر ئەپەندىنىڭ ھالىدىن خۇددى ئاكامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاندەك خەۋەر ئالىمەن.

ۋاسىق چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:
— بولدى، قويۇڭلار، ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىڭىزنىڭ پارىڭىنى قىلىشايلى، قەدىرلىك چوڭ ئاپا... سىز تۈزۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، سەھراغا بېرىپ دەم ئېلىڭ،— دېدى.
نېيىلا خانىم كۈلدى. چوكراي خانىمنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، قارىغاندا بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا تازا خۇش ياقمىغاندەك قىلاتتى.
ۋاسىق نېيىلا خانىمنىڭ يېنىدىن يان ئۆيگە چىقىپ بىرتال تاماكا چەكتى. كەينىدىن چوكراي خانىم چىقتى. ئۇ ۋاسىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ جىددىي يوسۇندا:
— چوڭ ئاپىڭىز ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ،— دېدى.
ۋاسىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشنى خالىمايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلاجىسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ قول ئىشارىسى قىلدى.
ھېلىقى ئايال گېپىنى داۋام قىلىپ:
— بىچارە ئايال، كېسىلى پات - پاتلا ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇتۇپ كېتىدۇ. خۇدايىم ئامانىتىنى ئېلىشى بىلەن تەڭ چوڭ ئاپىڭىزمۇ بۇ ئازابتىن قۇتۇلىدۇ.
ۋاسىق ئۈندىمىدى. ھېلىقى ئايال بىر خىلدا سۆزلەۋاتاتتى.
— بولغۇلۇق تاغىڭىزغىلا بولىدۇ. ئۇ پات ئارىدا تىككەندەك يالغۇز قالىدۇ. ياشىنىپ قالغان چاغدا يالغۇزلۇق تولىمۇ يامان...
ۋاسىق مۈرىسىنى قىسىپ:
— تاغامنىڭ ئەمەس، نېيىلا چوڭ ئاپامنىڭ غېمىنى يەيلى... چوڭ ئاپام ئاغرىق... ئۇنىڭ ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن تەڭ كۈچەيلى،— دېدى ۋاسىق ھېلىقى

ئايالغا مىختەك تىكىلىپ، — شۇڭى سەمىگىزگە سىلىپ قويايى، سىز ھەممىشە چوڭ ئاپام بىلەن بىللە بولىسىز. ئۇنى ئازراقمۇ خاپا قىلىپ قويماڭ... كىسەل ئازابى، ئۆلۈم توغرۇلۇق گەپلەرنى قىلماڭ... ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بار، سەللا چېچىلىپ قالسا چوڭ ئاپام بۇ ئالەمدە يوق ...

— ئېسىگە سىلىپ قويۇپ تۇرمىسام، تىنىقى توختاپ قالغان ھامان تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن... — دېدى ھېلىقى ئايال ۋاسىفنىڭ گېپىگە قىلچە قۇلاق سالمىغان قىياپەتتە.

ۋاسىف ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— بۇ ئانچە بەك مۇھىم ئەمەس، — دەۋەتتى. ھېلىقى ئايالنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ شۇئان يەنە:

— ناۋادا خۇدايىم...

— ئاھ! — دېدى ھېلىقى ئايال، — ... بۇ ئانچە بەك مۇھىم ئەمەس، ئەرزىمەس ئىشلار. بۇرۇش - تۇرۇشى قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ۋىجدان ئازابى تارتقان ئادەم شەكسىز جازالىنىدۇ.

— لېكىن ... مەن تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، گۇناھ قىلغان ئادەم تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ خۇدانى ئالدىيالمايدۇ.

— بىزنىڭ دىنىي قائىدىمىز...

ۋاسىف ھېلىقى ئايالنىڭ سۆزىنى ئارىلاشتۇرۇپ:

— بىزنىڭ جەمەتىمىزدىكىلەرنىڭ ئىچىدە دىنىي تەربىيە كۆرگەنلەرنىڭ يوقلۇقى سىزگە ناھايىتى ئېنىق، شۇڭا مەن سىز بىلەن بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تالاشمايمەن.

— بوپتۇ ئەمسە، — دېدى ھېلىقى ئايال، — سىز-

نىڭچە، توۋا ـ ئۈستىغپار ئوقۇش بىلەن ئىشلەشنىڭ زىيانلىق بولسا، چوڭ ئاپىڭىزنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشلارنى ئەمدى تىلغا ئالمايمەن.

ۋاسىف بۇ ئايالنى تىرىكتۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلدى. بىراق، مەن بىر بىمارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلسا چىداپ تۇرالمايمەن، نىمانداق قورقۇنچلۇق ئايال بۇ، دەپ ئويلىدى. قورقۇنچلۇق بۇ ئايال دەل زۇلەيخەنىڭ ئاپىسى ئىدى. بۇ مۇمكىنمۇ ئاخىر؟ ۋاسىف ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويدى.

ۋاسىف شۇ كۈنى زۇلەيخەنى كۆرۈش ئۈستىدە چوڭ ئاپىسىنىڭكىدە بەچچە سائەت بولدى. لېكىن زۇلەيخە كەلمىدى. ئۇ ماڭغان چاغدا ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، بەختىگە تاغىسى تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى.

ۋاسىف ئۇدۇل مەيخانىغا بېرىپ بىر نەۋرە ئىنىسى نۇرىنى كۆردى. ۋاسىف بۇ مەيخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىدى. نۇرى راكى ھارىقى ئىچكەچ ئىشداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ۋاسىف ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بىر رومكا ھاراق ئالدى. نۇرى ۋاسىفقا قاراپ:

— ھوي، بۈگۈن ھالىڭ بەك خارابقۇ؟

— نېيلا چوڭ ئاپامنىڭ يېنىدىن كېلىشىم...

— بىچارە چوڭ ئاپام... ئاپام ئەتىگەن بېرىپ كەلدى، چوڭ ئاپامنىڭ كېسىلى ئازراقمۇ شىپا تاپمايۋېتىپتۇ.

— ئەھۋالى بەك چاتاق.

— چوڭ ئاپامنىڭ كېسىلىنى ھېلىقى ھايۋان ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

ۋاسىق نۇرىنىڭ بۇنداق دېيىشىگە قارشى ئىدى. گەرچە تاغىسىغا ئۆچ بولسىمۇ، لېكىن، ۋاسىق نۇرىنىڭ مەيخانىدا پوكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، تاغىسىنىڭ كەينىدىن قىلىدىغان يامان گەپلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى.

— نېمە؟ چوڭ ئاپامنىڭ ھاياتىنى زەھەرلەپ، ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ قويغان شۇ ئەمەسمۇ؟ ھازىر، چوڭ ئاپامنى، بۇ بىچارە مومايىنى ئازابتىن پەقەت ئۆلۈملا قۇتقۇزالايدۇ.

نۇرى قولىغا رومكىنى ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

— شۇ ئۆلسىچۇ... ئۆلگەن بولسا ھەممىمىز ئۈچۈن خەيرلىك ئىش بولاتتى.

نۇرى تەلۋىلەرچە كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇ پۇل يىغىشنىلا ئويلايدۇ، يىغقان ئاشۇ پۇللىرى، كۆچمەس مال - مۈلكى، سودا - سېتىقى، ئۆزىگە قانچىلىك ئەسقېتىپ كېتەر؟... ئۇ يەنە قانچىلىك ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈپ كېتەر؟

— بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز، — دېدى ۋاسىق.

— سەنچۇ، بۇرادەر، پۇلنى ئاشنا تۇتمايدىغان ئېسىلزادىلەرنىڭ بەگزادىسىدەك بولۇۋالىدىكەنسەن، مەنچۇ، بۇ مال - دۇنيا ئىككىمىزگە تەئەللۇق، دەپ قارايمەن، چۈنكى بىز ئۇنىڭ مىراسخورلىرى.

— مىراسخور بولساق نېمە بوپتۇ؟

— بالىسى يوق بولغاندىكىن، بىزنى ئۇنتۇپ قالماي، بىزگىمۇ ئاز - تولا ياردەم قىلىپ تۇرسا بولاتتى...

نۇرى جىق ئىچىپ قويغاچقا، تېتىقسىزلىشىپ توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. ۋاسىق ئۇنىڭ گېپىدىن زېرىكتى،

پوكەيىنىڭ ئۈستىدىكى بىر رومكا ھارىقنىمۇ ئۈنتۈپ كەي-
ىنگە ئۆرۈلگەن پېتى مەيخانىدىن چىقىپ، كوچىنىڭ دوق-
مۇشىدىن ئەمدىلا قايرىلغان زۇلەيبەنــى كــۆرۈپ قالدى.
پەلتو يېپىنچاقلانغان، چاچلىرىنى ياغلىق بىلەن ئــورىــ
ۋالغان زۇلەيبە مــەيخــانــا تەرەپكە قاراپمۇ قــويمــاستىن
قەدەملىرىنــى يــەڭگىل ئېلىپ شــاكىر تــاغىنىڭكىگە قاراپ
كېتىۋاتاتتى.
ۋاسىق زۇلەيبەنىڭ كەينىدىن قاراپ، شاكىر تاغىسى-
نىڭكىدە يــەنە بىردەم تــۇرمىغىنىغــا ئــۆكۈندى. ئارىدىن
كۆپ ئۆتمەي ئۇدۇلدىكى دوقمۇشتا تاغىسى پەيدا بولدى.
تاغىسىمۇ ئۆيىگە قاراپ ماڭغانىدى. قولىدا چوڭ قول ياغلىق،
قول ياغلىقتا قىممەت پۇللۇق مېۋە - چېۋىلەر بار ئىدى.

نېيلا خانىمنىڭ قازا قىلغىنىغا ئــۈچ ئــاي بولدى.
بىر كۈنى ۋاسىقنىڭ ئاپىسى ۋاسىققا:
— ئوغلۇم، ساڭا مۇھىم بىر خەۋەرنى ئېيتىمەن، —
دېدى كۈلۈپ.
— قانداق مۇھىم خەۋەر ئۇ، ئاپا؟
ئاپىسى يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى.
— ئاڭلىساڭ ساڭىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ. بۇنداق
ئىش كۆپ يۈز بەرمەيدۇ... بۇ ھەم كــۆپ يــۈز بېرىدىــ
غان ئىشمۇ ئەمەس.
— قانداق ئىش ئۇ، ئاپا؟
— تاغاڭ يېقىندا بىرىگە چاي ئىچۈرۈپتۇ...
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ... بۇ مۇمكىن ئەمەس ...
— نېمىشقا مۇمكىن ئەمەس؟ بىر بويتاقنىڭ قــايتا

ئۆيلەنگۈسى كەپتۇ، يەنە كېلىپ بۇ بىرىنچى قېتىم بولۇ-
ۋاتقان ئىش ئەمەس...

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن تاغام ياشىنىپ قالغان ئادەم... — شۇنداق دەپ ۋاسىفنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— دۇنيادا غەلىتە ئىشلار بەك تولىكەنغۇ.

— تاغام ياشىنىپ قالغاچقا، جاھاندىن يالغۇز ئۆتۈپ كەتكۈسى كەلمەي... ئۆيىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىغان بىر ئايالغا موھتاج بولۇپ قالغان بولسا كېرەك.

— تاغاڭنىڭ چوكراي ئىسىملىك بىر ئايال قوشنىسى بار، ئۆيىنىڭ ھاجىتىدىن شۇ چىقىدۇ. بۇ گەپنى ماڭا شۇ ئايالنىڭ ئۆزى دەپ بەرگەن، — دېدى ۋاسىفنىڭ ئاپىسى تېخىمۇ بەكرەك كۈلۈپ، — ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرىدىغان ھېلىقى ئايال قوشنىمىز شۇغۇ دەيمەن؟

— شۇ، مەن ئۇ ئايالنى تاغامنىڭكىدە نەچچە قېتىم كۆرگەن.

— دەل ئۆزى شۇ.

— نېمە؟ تاغام شۇ ئايال بىلەن...

ئاپىسى توختىماي كۈلەتتى.

— لېكىن ئۇ ئايالنىڭ ئېرى بار...

— بالام، ئۇ ئايال بىلەنلا قاپسەنغۇ؟ ئۇ خانىم ھەر-گىز سېنىڭ چوڭ ئاپاڭ بولالمايدۇ... سېنىڭ بولغۇسى چوڭ ئاپاڭ ناھايىتى ياش، شۇ ئايالنىڭ قىزى سېنىڭ بولغۇسى چوڭ ئاپاڭ، تاغاڭنىڭ بولغۇسى ئايالى بولىدۇ...

ۋاسىف قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئاپىسىغا ئۇزاق تىكىلىپ ئاخىر:

— چاقچاق قىلمايدىغانسىز؟ — دەپ سورىدى.

ۋاسىفنىڭ ئاۋازى غارىلداپ - غورۇك چىقىپ كەتتى، ئانا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ بىر ھازا تۇرۇپ كېتىشتى. بىر چاغدا ئاپىسى ئاستا:

— ئۇنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ۋاسىف دۇدۇقلاپ:

— ھەئە، تونۇيمەن... — دېدى ۋاسىف ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ، — مەن ئۇنى نېيلا چوڭ ئاپامنىڭكىدە كۆرگەن، دېرىزىدىنمۇ پات - پات كۆرۈپ قالاتتىم.

— ھە، راست، — دېدى ئاپىسى، — چۈشەندىم... تاغاڭغا قارىغاندا ھېلىقى ئايالنىڭ قىزى ھەقىقەتەن بەك ياش... بۇ توي قىلىش ئەمەس، بەلكى تەلۋىلىك.

ۋاسىف ئۈندىمىدى. ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭ ئاڭلىغۇسى يوقتەك قىلاتتى، ھاڭۋاقتىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئاپىسىغا قاراپ تۇراتتى. ئاپىسى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— پۈتۈن مەھەللە - كوينىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ... بۇ ئىش قولۇم - قوشنىلار ئۈچۈن كۈلكە بولدى... — دېدى.

ۋاسىف ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، زۇلەيبەنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئالدىراپ دېرىزە ئالدىغا باردى.

ۋاسىف بايا ئاڭلىغان ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيتتى. بۇ مۇمكىن ئەمەس... ئۇ قېرىغا خوتۇن بولۇشقا زۇلەيبە ئۇنىمايدۇ... ۋاسىفنىڭ شۇ تاپتا زۇلەيبە بىلەن كۆرۈشكۈسى، زۇلەيبەگە دەپ، بۇ بىمەنە خەۋەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىنكار قىلدۇرۇپ... كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى.

دېرىزە ئوچۇق ئىدى، زۇلەيبە كۆرۈنمەيتتى. ۋاسىف

زۇلەيبەنى چاقىرىش ئۈچۈن، ئۇيان - بۇيان ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن ئىسقىرتتى. بۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئەتىلىككە كۆرۈشمەكچى بولغانىدى. ۋاسىف ئەتىگىچە تەخىر قىلىپ تۇرالمايتتى. ئۇ ھۇجرىسىدا ئۇياق-تىن - بۇياققا ماڭاتتى. ئاخىر بولماي ئالدىراش پەسكە چۈشۈپ، كوچىغا چىقتى... ئۇ ئەمدە، زۇلەيبە بىلەن چو-قۇم پاراڭلىشىمەن، دەپ تېنەش كېتىۋاتاتتى. دېرىزىسى ئېتىك، پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كوچىنىڭ بېشىغا چىقتى، يەنە كەينىگە ياندى. ئىككى ئوت-تۇرىدا چېپىپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى بازىرى كاسات ھېلى-قى مەيخانىغا كىردى. ئۇ ئۈچ رومكا راكى ھارىقى ئىچىپ، مەيخانىدىن چىقىپ زۇلەيبەنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى، ئىككى قەدەمچە مېڭىپ، مەن زۇلەيبەنى مۇشۇ يەردە ساق-لاي، دەپ قەدىمىنى توختاتتى.

ۋاسىف ئوتتەك يانغان كۆزلىرى بىلەن كوچىنىڭ بې-شىغا ۋە دېرىزىلىرى مەھكەم تاقالغان ھېلىقى ئۆيگە قاراپ بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى. بىر چاغدا ۋاسىف ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆردى. زۇلەيبە چىق-تى... ئۇ قارا پەلتو كىيگەن، بېشىغا يىپەك ياغلىق چىگىۋالغانىدى.

ۋاسىف ئىككى سەكرەپ زۇلەيبەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۈرىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ سىلكىگەن پېتى ۋارقىراپ تۇ-رۇپ، بۇ راستمۇ؟ راستمۇ؟ دەپ ئۇنىڭدىن سوراشقا تەم-شەلدى. لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇنىڭدا مىدىرلىغۇدەك-مۇ جۈرئەت يوق ئىدى.

زۇلەيبە ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتەي دەپ قال-

دى... ۋاسىق زۇلەيبەنىڭ مەڭزىلىرىنىڭ قىزىرىپ، كۆز-لىرىنىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىنى، مىيىقلىرىدىكى كەمسىتىش ئالامەتلىرىنى كۆردى. زۇلەيبە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىشى ئۈچۈن نومۇس ھېس قىلامدۇ؟ ئۇ ۋاسىقنىڭ ئالدىدىن مەغرۇرا-نە ھالدا ئاستا مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. ۋاسىق بولسا ئۆزى-نى تۇتۇۋېلىپ، زۇلەيبەنىڭ كەينىدىن ماڭدى. زۇلەيبە ئۇلار بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان كوچىغا كىردى. ئىككىسى شۇ تەخلىتتە خېلى ماڭغاندىن كېيىن، زۇلەيبە كەينىگە ئۆرۈلۈپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا:

— ھۇي، ئىتتىكرەك مېڭىڭ... يېقىنراق كېلىڭ. نېمە قىلىماقچىسىز؟ ساراڭلاردەك قىلىقىڭىزنى قاچان تاشلايسىز؟ — دېدى.

ۋاسىق ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى. ئۇ تازا مەزمۇت تۇرالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. زۇلەيبە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، قوزام، بۇنداق قىلىقلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلىۋېلىڭ. مەن ئۇششاق گەپتىن قورقىمەن... بۇنى سىزگە بۇرۇنمۇ دېگەن. مەن ئىززەت-ئابرۇيۇمنى قەدىرلەيمەن، بۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسىدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمەن، بىلەمسىز؟...

زۇلەيبەنىڭ كۆزلىرىگە قورقۇنچ ئالامەتلىرى يوشۇرۇن-غانىدى، زۇلەيبە قەدىمىنى توختاتتى. ۋاسىق بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى، ئازاب ئۇنى باشقا بىر ئادەم قىلىپ قوي-غانىدى. ۋاسىق زۇلەيبەنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ، سىلكىگى-نىچە ھەسرەت بىلەن:

— گەپ قىلىڭ، جاۋاب بېرىڭ، بۇ راستمۇ؟ — دەپ يالۋۇردى.

زۇلەيبەنىڭ چىرايى «ۋىللىدە» قىزىرىپ، كەيىندىن يەنە «شاپپىدە» ئاقىرىپ كەتتى... زۇلەيبە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئاندىن:

— قويۇۋېتىڭ... سىز مەندىن نېمىلەرنى بىلمەكچى... مەن ئۇقمىدىم، — دېدى ـ دە، بىرلا سىلكىنىپ ۋاسىفنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقتى.

— سىزدىن سوراپ باقاي، بۇ ئىش راستمۇ؟

— قايسى ئىش؟

— سىزگە چاي ئىچۈرگەن ئىش... ئاڭلىسام سىز پات يېقىندا تاغامغا تېگىدىكەنسىز...

زۇلەيبە كەينىگە بىر قەدەم داجىپ قوپاللىق بىلەن:

— ھەئە، راست، — دېدى.

— ھە!؟ — دېدى ۋاسىف. ئۇنىڭ ئاچچىقى چېكىگە يەتكەنىدى، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغانىدى، ئۇ بەزگەكتەك تىترەپ:

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، زۇلەيبە، بۇنىڭ ھەممىسى يالغان... — دېدى.

زۇلەيبەنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— يالغان ئەمەس، راست.

— يالغان، گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن.

زۇلەيبە گەپ قىلالماي قالدى.

— سىز مېنى جازالاش، مەندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىسىز... سىزنى ئىشىكىڭىزنىڭ ئالدىدا ساقلاپ كەتكەن چېغىمدا، سىزگە قوپال تەگكەنىدىم... شۇڭا سىز ماڭا بۇ گەپلەرنى دەۋاتىسىز...

ۋاسىف كىچىك بالىدەك يىغلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن

نائىلاج قالغان گەپلىرىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ ھەم ئېچىنىشلىق، ھەم كۈلكىلىك ئىش، ۋاسىي شۇنداق دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى، قوللىرى توختىماي تىترەيتتى، ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. زۆلەيخەنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت، تۇرقىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى گەپ قىلغۇدەك رەۋىشى يوق ئىدى. ۋاسىي ئارىغا چۈشكەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟ نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىڭىزنىلا دەپ بېرىڭ؟ — دەپ تۇرۇۋالدى.

— بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس. ناۋادا مەن ئۆزۈمگە ئىگە بولالىسام، ئۇ قېرىغا خوتۇن بولۇشقا ھەرگىز ئۇنىمىغان بولار ئىدىم.

— ئۇنىڭغا تېگىشكە سىزنى كىم مەجبۇرلىدى؟

— ئاپام. بۇ ئىشنى ئاپام ئۆز ئالدىغا تارتىپ قىلىۋاتىدۇ. سىز ئاپامنى چۈشەنمەيسىز، ئاپامنىڭ بۇ جەھەتتىكى چېۋەرلىكىنى سىز ئۇقمايسىز...

— لېكىن سىز چوڭ بولۇپ قالغان قىز، ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىگە، سىزنى ھېچكىم مەجبۇر قىلالمايدۇ.

زۆلەيخە زېرىككەن ئەلپازدا مۈرىسىنى قىسىپ قويدى، ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— سىزنىڭچە بۇ... — دېدى.

— ئەمما...

— ئاتا - ئانام ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى، بىزچۇ، ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىز ئىستانبۇللۇق ئەمەس، بىزنىڭ ياقلاردا پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشىنى ئاتا - ئانا توغرا تاپسىلا، نىكاھ ئىشىغا شۇلار ئۆزلىرى ئىگە بولىدۇ.

— بۇ كىپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن.

— ئىختىيارىڭىز، بۇنىڭ مەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق، مەيلى ئىشىنىڭ، ئىشەنمەڭ، ماڭا بەرىبىر... ھەقىقىي ئەھۋالنى سىزگە دېدىم، بىزنىڭ ئۆيدە ھەممىمىز ئۆرپ - ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىمىز. گەپ شۇ.

— بولدى، زۇلەيبە، مەن سىزنى چۈشىنىمەن. سىزنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان گەپكە كىرىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن... بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشنى سىز ھەرگىز قوبۇل كۆرمەيسىز.

— قورقۇنچلۇق؟... بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، راست...

— ئۇ قېرىنىڭ مال - دۇنياسىغا قىزىقىپ قاپسىز ئەمەسە، بۇنىمۇ تەن ئالارسىز؟

زۇلەيبە گەپ قىلماي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ۋاسىق سوغۇق كۈلۈمسىرەپ:

— تاغام دۆلەتمەن ئادەم، بۇ ماڭا ئايان، لېكىن ئۆتۈپ كەتكەن خەسىس. ئويلاپ بېقىڭ، سىز ئۇنىڭ مال - دۇنياسىغا ئىگە بولىمەن، مال - دۇنياسىنى بولۇشىچە خەجلەپ ئۆتىمەن، دەپ ئويلامسىز؟ بىچارە چوڭ ئاپامنىڭ ئۆمرىدە قانداق كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىنى بىلمەيسىز...

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم. سىزنىڭ چوڭ ئاپىڭىز بىچارە موماي، مەن دېگەن ياش، ئۇ قېرىنىڭ نەۋرىسى دېمەتلىكمەن. ماڭىچۇ، سىزگە كېيىپ ئېيتسام، ئۇ ماڭا كەلگەندە خەسىسلىك قىلمايدۇ.

ئۇ ھازىر بايىقىدەك ھەسرەتلىك ھەم ھارغىن كۆرۈنـ

مەيتتى. قاراشلىرى ئۆتكۈر، تەلەپپۇزى مەسخىرىلىك ئىدى. توختىماي سۆزلەيتتى:

— مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، سىزگە شۇنىمۇ دەپ قوياي، تاغىڭىز تويدىن ئاۋۋال ماڭا ناھايىتى كۆپ تويلۇق ئالماقچى بولدى. ئاپام ئىككىسى شۇنداق پۈتۈشـتى. سىز بىلمىسىز، ئاپام ئەقلى - ھوشى جايىدا ئايال. ئاپام تاغىڭىزغا، زۇلەيبە بىر ئەردىن چىققان، بۇنىڭ كاـرى چاغلىق. ئۇ بەك ياش، شۇڭا ناھايىتى كۆپ تويلۇق ئالىسىز، تويىنىمۇ قىز تويىدەك قىلىمىز... دېدى. ئۇ قېرى ئاپامنىڭ شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلدى.

— نېمە؟... سىز بىر ئەردىن چىققانمۇ، سىز؟

— ساراڭ، — دېدى زۇلەيبە كۈلۈپ، — سىز مېنى مۇشۇكەمگىچە ياتلىق بولمىغان قىز، دەپ يۈردىڭىز... مەن بىر ئەردىن چىققان. قەدىرلىكىم، يەنە كېلىپ تۆت ياشلىق بىر بالىنىڭ ئاپىسىمەن... ئەردىن چىققان ئايالغا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك بولمايدىكەن. ئەرگە تېگىپلا كەتسە، باش ئاغرىقىدىنىمۇ قۇتۇلىدىكەن. تاغىـڭىز ماڭـا كىشى قويدى، ئاتا - ئانام قوشۇلدى، بۇنىڭـغا مەن نېمە دېيەلەيمەن؟

— زۇلەيبە سىزنىڭ تاغامغا تەگكۈڭىز يوق.

— ساراڭدەك گەپ قىلمىسىڭىزچۇ.

— مېنىڭ سىزدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق. ئىككىمىز تونۇشقىلى ئۇزۇن بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ۋاسىق بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىمەن دەڭ ئاپىڭىزغا. زۇلەيبە، دەرھال توي قىلايلى، ساقلاپ تۇرمايلى... بۇ بەختسىزلىكتىن

قۇتۇلايلى...
زۇلەيبە كۈلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەندى. كۈلۈپ بولۇپ:
— ساراڭ بوپسىز، — دېدى.
— سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىز، زۇلەيبە... پات ئارىدا مەكتەپ پۈتتۈرىمەن، دوختۇر بولىمەن، سىزنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمەن، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.
— ئاتا - ئانام ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ، سىز نېمىلا دېگەن بىلەن ئوقۇغۇچى.
— ئاتا - ئانىڭىز ... ئاتا - ئانىڭىز... سىز يا ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا قاراپ قالغان ئادەم بولمىسىڭىز، نېمە قىلغۇڭىز كەلسە، شۇنى قىلىۋەرمەمسىز.
— بولمايدۇ، ۋاسىف.
— ئاتا - ئانا بولغان ئادەمنىڭ بۇ ئىشقا قارشى چىقىدىغان ھېچقانداق ئاساسى يوق... ھازىر ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە تاقابىل تۇرغۇدەك بۇرۇنقىغا ئوخشاش نوپۇزى قالمىدى، پەرزەنتلەر ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ... يا ماڭا مەيلىڭىز يوقمۇ، ئوچۇق دەڭ.
زۇلەيبە تەلەپپۇزىنى يەنە ئۆزگەرتتى. چىرايىنى پەرىشانلىق ۋە بىزارلىق ئالامەتلىرى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ:
— ئاغزىمغا كەلدى، دەپ بىرمۇنچە قالايمىقان گەپلەرنى قىلدىڭىز. سىز بىلەن تونۇشقاندىن بۇيانقى ئىش-ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. سىز خاتالاشتىڭىز، مېنىڭ بىرەر قېتىم ۋەدەمدە تۇرماي قالغان يېرىم يوق، بىزنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرۇشىمىزدىن مەن ناھايىتى

خۇشال. سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيسىز، سىز ماڭا چوڭقۇر مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ باقمىدىڭىز... — دېدى.

— زۇلەيخە...

— گېپىمنى قىلىۋالاي... مەيلى نېمە دېسىڭىز دەڭ، مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئەسلا ئىشەنمەي كەلگەنىدىم، سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزنى ھېچقاچان راست دەپ باققان ئەمەس.

— زۇلەيخە!...

— مېنىڭ ئاجايىپ ئۇچرىشىشلارنى قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى. مەن بىر ئەردىن چىققان ئايالمەن، بىر بالىنىڭ ئاپىسىمەن. ياق، ۋاسىق، مېنى ئىشەندۈرەلمەيسىز، بۇ ئەسلىدە سىز ئۈچۈن بىر جىددىي ئىش... نېمىشقا بۈگۈنلا مەن بىلەن توي قىلىش توغرۇلۇق سۆزلىشىسىز؟ نېمىشقا بۇنداق كېچىكىپ ئېغىز ئاچىسىز؟... بېشىم باغلاقلىق بولۇپ قالغانلىقىمنى قىيىنشقاندەك بۈگۈن بىلدىڭىز.

— بولدى بەس، زۇلەيخە... بۇنداق گەپلەرنى ئەمدى قىلماڭ...

— مېنىڭ بېشىم باغلىنىپ قالدى، مەن باشقا بىر ئادەم بىلەن، سىزنىڭ ياشنىپ قالغان تاغىڭىز بىلەن توي قىلىمەن. ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشقا رازى بولدۇم. ئۇ ئۆز قولى بىلەن ماڭا ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن مەن، ئۇنىڭ بەندىسى بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. بىچارە ۋاسىقىم، بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

— بولدى! — دەپ يالۋۇردى ۋاسىق، — بۇ ھەقىـ

قەتئەن يىرگىنچىلىك ھەم كۈلكىلىك ئىش.
— كۈلكىلىكمۇ ئەمەسمۇ، ئىشقىلىپ گەپ شۇ.
— خۇدانىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى ئازاب-
لىماڭ! ناۋادا سىزنى داغدا قويغان يېرىم بولسا، كۆڭلى-
ڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، مېنى كەچۈرۈڭ. مۇشۇ توي ئىشى-
دىن ۋاز كېچىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. مەنمۇ ئوقۇشتىن توخ-
تايمەن، ناۋادا لايىق كۆرسىڭىز خىزمەت تېپىپ ئىشلەيمەن.
بىز بەختلىك بولالايمىز.

زۇلەيبە سەۋىرسىزلىك بىلەن:

— بۇنداق جاھىللىق قىلماڭ، بايىمۇ دېگەن، ھازىر يەنە دەپ قوياي: تولىمۇ كېچىكتىڭىز. ئاتا - ئانام تاغىڭىز بىلەن ھەممە ئىشنى ئالللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. تاغىڭىز ماڭا ئالدىن بەش يۈز لىرا بەردى. تۈنۈگۈن ئاپام ئىككى يۈز لىراغا ماڭا توي كۈنى كىيىدىغان كىيىم ئېلىپ بەردى. بىز ھەرقانچە تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلىسەكمۇ، بۇ پۇللارنى قايتۇرالمايمىز. بىز يوقسۇل، ئەمما دۇرۇس ئادەملەر. ناۋادا مەن ئۇ قېرىغا تەگمىسەم، ئۇنى ئالدىغان بولۇپ قالىمەن... شاكىر ئەپەندى بايا تويلۇق سوۋغىتى سۈپىتىدە ماڭا ئالتۇن بىلەزۈك سوۋغات قىلدى. شۇنداق چوڭ، شۇنداق نەپىس ... ئۇ كېيىن يەنە ماڭا ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سوۋغات قىلماقچى... بۇنىڭدىن باشقا بانكىغا مېنىڭ نامىمدا مىڭ لىرا پۇل قويىدى. قاراڭ ھەممە ئىش پۈتۈپ بولدى، ئەمدى ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ...

زۇلەيبە ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەندى.

— ئاھ! زۇلەيبە، پۇل دېسە جېنىڭىزنىمۇ بېرىۋەت-

كۆدەكسىز!

— پۇل دېسە...، — بۇ گەپ زۇلەيبەنىڭ جېنىغا تەگدى، — سىز قانداق ئويلىسىڭىز مەيلى. سىزگە شۇنى دەپ قوياي: مەن سىزگە قەرزدار ئەمەس. يا سىزنىڭخوتۇنىڭىز، يا ئاشنىڭىز ئەمەس. سىزگە ۋەدە بەرگەن يېرىم يوق. كىم بىلەن ئۆتكۈم كەلسە، شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈمەن. كارىڭىز بولمىسۇن.

ۋاسىف بىر ئېغىز گەپ قىلالماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى.

زۇلەيبەنىڭ كۆرسەتكەن ئاساسلىرى ناھايىتى تولۇق ئىدى. ۋاسىف بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا تولىمۇ كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن زۇلەيبە ۋاسىفنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېلىشىپ قېلىش تەلەپپۇزىدا:

— مەيلى قانداق ئىش بولسۇن، ئەمدى تەگەپ يۇرمەيلى، سۆيۈملۈكۈم. بۇ ئىشلارغا بىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز يوق. ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭە، سىز مېنى ھېچقاچان ياخشى كۆرۈپ باققان ئەمەس. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانچە ئىش يۈز بەرمىدى... سىز ھازىر خاپا، چۈنكى سىز ئۇ قېرىغا ئۆچ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن سىزگە چوڭ ئاپا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ جۇدۇنىڭىز ئۆرلىدى، بولدى ۋاسىف. بۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمەڭ، قېنى كۈلۈڭ. مەن سىزنىڭ چوڭ ئاپىڭىز... مېنى پات ئارىدا مۇشۇنداق چاقىرىسىز. مۇشۇنداق چاقىرسىڭىز، سىزگە كۈلكىلىك تۇيۇلامدۇ؟

زۇلەيبەنىڭ كۈلكىسى ياڭراق ۋە شاد ئىدى.

— بولدى قىيىدىماڭ، مىنىڭ كىچىك ۋاسىقىم. بىز نېمە قىلغان بىلەن يەنىلا خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاش دوست.

ۋاسىق ئۈندىمىدى.

— ۋوي! قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەن دەرھال ئۆيگە قايتاي سىزنى كۆرۈپ ئۆيدىكىلەرگىمۇ دەپ قوي-ماي، چىققانىدىم... ۋاسىق، مەڭگۈ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالماڭ، ماڭا ۋەدە بېرەلەمسىز؟

— بېرىمەن، زۇلەيبە...

— خوش، ئەمسە، مىنىڭ كىچىك ۋاسىقىم.

— كېتەمسىز؟ قاچان كۆرۈشەلەيمىز؟

— نېمانداق غەلىتە سوئال سورايسىز! ئەمدى، كۆرۈش-مەكمىز شۇنداق ئاسان بولىدۇ. پالان يەردە كۆرۈشىمىزە دەپمۇ يۈرمەيمىز، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مەن سىزگە چوڭ ئا-پا بولىمەن. مىنى قاچان كۆرگىڭىز كەلسە، ئۇدۇل ئۆيۈم-گە بارسىڭىز بولىدۇ.

— بولدى گەپ قىلماڭ، بولدى...

— خويمۇ چىشىمغا تەگدىڭىز! مەن سىزنىڭ چوڭ ئاپىڭىز، مەن بۈنىڭدىن خۇش، بۈنىڭدىن كېيىن سىز مەن بىلەن قولۇمنى سۆيۈپ تۇرۇپ سالاملىشىسىز. بۇنداق بولا-رىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدىم.

— سىز مىنى مازاق قىلىۋاتىسىز.

— ياقەي، سىزگە چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزىڭىزنى خاراب قىلىۋېتىشىڭىزنى خالىماي-مەن. سىزنى ھەمىشە دەردمەن ئادەمدەك يۈرمىسۇن، مەن بىلەن تەڭ كۈلسۇن، دەۋاتىمەن. بىز بۇرۇن دوست ئىدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا دوست.

زۇلەيبە ۋاسىفنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئالدىراپ كېتىپقالدى. ۋاسىف كوچىدا ئۆزى يالغۇز قالدى.

— شاكىر تاغاڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئېسىل كىيىنىپ يۈرىدىغان، ھەر كۈنى ساقىلىنى ئالىدىغان، ھەتتا بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى قىرقىپ تۇرىدىغان بولدى... — ئاپىسى بۇ گەپلەرنى تاماق ۋاقتىدا كۈلۈپ تۇرۇپ ۋاسىفقا دەپ بەردى.

— ئۇ ئىككى ئايال، ئاجايىپ يامان ئاياللاركەن... ئاشۇنداق بىر خەسىس ئادەمگە رادىئو ئالدۇرۇپتۇ... بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆي جاھازلىرىنى يېڭىلىتىپتۇ. بىچارە نىيلا خانىم!...

ئېتىبار قىلمىغاندەك ھالەتتە ئولتۇرۇش، ۋاسىف ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەر قېتىم ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلاتتى.

ۋاسىف دوقمۇشتىكى ھېلىقى مەيخانىدا نۇرى بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ قالاتتى.

مەيخانا خ جايىنىڭ ئوغلى ساجىت ئۇلارنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى دوستى ئىدى. ساجىت ئۇلارنىڭ تاغىسى — شاكىر ئەپەندىنىڭ تويىنىڭ گېپىنى قىلىشقا بەك ئامراق ئىدى. شۇ ئارقىلىق نۇرىنى كولدۇرلىتاتتى. چۈنكى بۇ توي نۇرىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان مال - مۈلۈككە مىراسخور بولۇش ئۈمىدىنى بەربات قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا نۇرى دەردىنى تۆكىدىغان يەر تاپالماي يۈرەتتى. نەچچە رومكا ھاراق قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن، نۇرى ياپتا گەپ قىلىشتىن ئاشكارا گەپ قىلىشقا ئۆتتى. نىيلا خانىم

تـوغماس ئايال ئىدى. لېكىن تاغىسى بۇ ياش ئايالدىن بالا يۈزى كۆرسە... ناۋادا ئۇ بالا تاغىسىنىڭ پۇشتىدىن بولغان بـالا بولمىسىمۇ، قانۇن قارىشىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا ئاشۇ قېرىنىڭ مـىراسخورى ئىدى. نۇرى نـاھايىتى قايناپ سۆزلەپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە غەزەپلەنـگەنلىكىنى كـۆرۈپ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھـەممىسى كـۈلۈپ كېتىشتى.

ۋاسىف كۈلمىدى. ئۇ بەزىـدە بېشىنى سالغان پـېتى مەيخانىدىن چىقىپ كېتەتتى، يۈرىكى غەزەپ ئوتىدا پۇچۇلـناتتى، ئىككى چېكىسى توختىماي لىپىلداپ، قۇلاقلىرى زىـڭىلداپ كېتەتتـى. ئاخىر بـولماي زۇلەيبە بـىلەن شاكىر تاغىسىنى ئۆيلىماسلىققا تىرىشىپ، قاراڭغۇ ۋە ئېگىز - پەس شېغىل كوچىدا ئۇدا نـەچچە سائەت ئۇياقتىن - بـۇياققا ماڭاتتى.

بىر كۈنى ئاپىسى ۋاسىفقا:

— كېلەر پەيشەنبە كۈنى شاكىر تاغاڭنىڭكىگە بارىمىز. ئۇ بىزنى تويىغا چاقىرىپتۇ، — دېدى.

گۈگۈم چۈشكەن چاغ ئىدى. ئانا - بالا ئىككىسى كەچـلىك تاماقنى يەپ بولۇشقانىدى. ۋاسىف بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— بـۇ بەك كۈلكىلىك ئىش... مـەن، مەن بارمايـمەن، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن ئـۇزاق قـاراپ تـۇرۇپ يۇمشاق ئاۋازدا:

— بىزنىڭ بۇنداق ھوقۇقىمىز يوق، ئوغلۇم، نارازى

بولۇشقا ھەققىمىزمۇ يوق. تاغاڭ ئۆيلىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. قايتا ئۆيلەنمەكچى بولسا... خۇددى مەن ساڭا دېگەندەك. قايتا ئۆيلىنىش قارارىغا كەلگەن يالغۇز تاغاڭلا ئەمەس... دەرۋەقە. ئۇ ياشقا چوڭ بولۇپ قالغاندا، ياپياش ئايالنى ئالماي، ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى ئالسا بولاتتى. ئەمما بولىدىغان ئىش بولدى. بىزنىڭ نېمە كارىمىز، — ئاپىسى ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە، — ھېلىقى كاستۇم - بۇرۇلكاڭنى يۇدۇرغىلى بېرىپ قويدۇم، — دېدى.

— چاتاق قىپسىز، — دېدى ۋاسىف ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپ، — نېمىشقا مەندىن سورىمايسىز؟

ئاپىسى ۋاسىفقا ھەيران بولۇپ قارىدى. ۋاسىف ھېچقاچان ئاپىسىغا بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ باققان بالا ئەمەس ئىدى.

— بۇنداق چېچىلىغۇدەك نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى سوغۇق قانلىق بىلەن.

— مېنىڭ ئىشىمغا باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىنى خالىمايمەن. مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، — ۋاسىف سەل ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ يەنە، — بۈگۈن دەل ئاشۇ كاستۇم - بۇرۇلكامنى كىيەتتىم، — دېدى.

ئاپىسى تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ پەتنۇسقا سالدى - دە، ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ:

— تاغاڭنىڭ توي ئىشىغا بۇنچىۋالا چېچىلىپ كېتىشىڭ پەقەت كۆڭلۈمگە سىغمىدى. ئازراق ئاچچىق قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر نەۋرە ئىنىڭ نۇرنى دورىما... مەن ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى.

— نۇرنى؟...

— ھەئە، نۇرىنى دەۋاتىمەن... ئوغلۇم، دۆلەتمەن ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ مال - مۈلكىنى تاما قىلساق بولمايدۇ... سەن، ھامان بىر كۈنى كۆڭلۈڭدىكىدەك خىزمەتكە ئىگە بولسەن، تاغاڭدىنمۇ، دۆلەتمەن ئادەملەردىنمۇ بەكرەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسەن...

— لېكىن...

ئاپىسى ۋاسىفنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ھايال ئۆتمەي ئاپىسى يەنە ئۆيگە كىردى. ۋاسىف ئىشىككە كەينىنى قىلىپ دېرىزە ئالدىدا تۇراتتى.

— ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، بىزنىڭ شاكىر تاغاڭنىڭ تويىغا ئۇچۇقتىن - ئوچۇق قارشى چىققىدىغان ھەققىمىز يوق. ئۇنىڭ تويىغا بارمىساق سەت بولمامدۇ؟... كاستۇم - بۇرۇلكىنىڭ ئىشىغا كەلسەك، سېنىڭدىن سورىماي يۇدۇرغىلى بېرىپ قويغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

ۋاسىف ئاپىسىنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى بىلىپ چەكسىز ھەسرەتلەندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ، ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئازار يېگەن كىچىك بالىدەك بىر قەپەس يىغلىغۇسى كەلدى. لېكىن ئورنىدىن قوزغالمىدى، ئادەتتىكىچە قىلىپ:

— كەچۈرۈڭ ئاپا، بايا بەك چىچىلىپ كېتىپ قاپتىمەن، بۈگۈن بىر دوستۇم چاقىرىپ قويغانىدى، ھېلىقى كاستۇم - بۇرۇلكامنى كىيىپ باراي، دېگەنىدىم.

— ئۇقتۇم، ئوغلۇم، — دېدى ئاپىسى كۈلۈپ.

زۇلەيخە بىلەن شاكىر تاغىنىڭ توي مۇراسىمى بولغان كۈنى ۋاسىف ھېلىقى كۆل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى

كېيدى. كېيىن سودىيەنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سوراققا تارتىلغان چاغدىمۇ، ئارىدىن ئۇن نەچچە يىل ئۆتۈپ تۈرمىدىن چىققان چاغدىمۇ ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يەنىلا مۇشۇ كاستۇم-بۇرۇلكا بار ئىدى.

پۈتكۈل توي مۇراسىمى داۋامىدا ئۇ يېڭىلا يۇيۇلغان بۇ كاستۇم-بۇرۇلكىنى كىيىپ، خۇددى بايراملىق كىيىم كىيگەندەك قورۇنۇپ بەك بىئارام بولۇپ كەتتى.

تويغا ئەللىكتىن ئارتۇق ئادەم كەلگەنىدى، ئاياللىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن سودىگەرلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار، دوست-بۇرادەرلەر، بۇنىڭدىن باشقا زۇلەيبەنىڭ قولۇم-قوشنىلىرى بار ئىدى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى توي زالىدا تىقىلىشىپ تۇرۇشاتتى. شاكىر ئەپەندىنىڭ جەمەتىدىن تويغا ۋاسىف، ۋاسىفنىڭ ئاپىسى بىلەن نۇرىنىڭ ئاپىسىلا كەلگەنىدى... نۇرى كۆرۈنمەيتتى.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ۋاسىفقا ئوخشاش قارتا ئويناشقا باشلىدى. قىزلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرى كۆزلەرنى چاقناتاتتى. كىچىك قىزلار رەڭگارەڭ كۆڭلەك، ئوغۇل بالىلار ئۇزۇن ئىشتان كىيگەنىدى.

زۇلەيبەنىڭ دادىسى قىزىل گالستۇك تاقىغان، چاقماق گۈللۈك يالاڭ چاپان بىلەن قېنىق كۆك ئۇزۇن ئىشتان كىيگەنىدى. ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن ئادەم ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتەتتى.

بۇ سورۇندا چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ۋاسىفنىڭ ئاپىسى بىلەن نۇرىنىڭ ئاپىسىمۇ قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ياسىنىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۆڭۈپ كەتكەن پەلتولىرىنى قاتۇرۇپ دەزماللاپ، چاچلىرىنى رەڭگارەڭ كەشتە ئىشلەنگەن

يېپەك ياغلىق بىلەن ئورىغانىدى. يەنە بازاردىن سۇلياۋ قول سومكا ئىلىشقانىدى. ئاپىسىنىڭ قولىغا پەلەي كىيىۋال-غانلىقىنى كۆرگەن ۋاسىفنىڭ بەك ئاچچىقى كەلگەچكە، ئاپى-سىنى پەلەي كىيىشتىن توسماقچى بولدى، لېكىن رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

بولۇپمۇ ۋاسىفنىڭ تاغىسى بىلەن زۇلەيخانىڭ تۇر-قى كىشىنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرەتتى. شاكىر تاغا پىنجى-كىگە شۇنداق توم ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان، قولىدا قال-پاق بارئىدى. ئۇ ئىلگىرى كەپكە شەپكە كىيىپ يۈرىدى-غان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قىپقىزىل چىرايىدا ھاياجان ئۇرغۇيتتى... بۇرۇتلىرى قىرقىلغان، ساتىراش چاچلىرىنى كۆككۆل قويۇپ ياسىغان بولۇپ، شالاڭ ئاق چاچلىرى بىلەن قىپقىزىل پاينەك بېشىنى پەم بىلەن يېپىپ قويغانى-دى. يېقىن كەلگەنسېرى شاكىر تاغىنىڭ بەدىنىدىن ساتى-راش چاچقان ئەرزان پۇللۇق ئەتىرنىڭ ھىدى كېلەتتى. قولىدا تەسۋىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، كۆزلىرى ئادەتتىكىدەك يېرىم يۇمۇق ھالەتتە ئەمەس ئىدى. بۇ ئادىتىنى بېيىغان-دىن كېيىن يېتىلدۈرگەنىدى، شاكىر تاغا، ئادەم دېگەن كىشىلەر بىلەن مەلۇم ئارىلىقنى ساقلاپ قالغاندىلا ئاندىن ئېب-سىلزادىرەك، ھۆرمەتلىكرەك كۆرۈنىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچالماي يۈرىدىغان قىياپىتى بۈگۈن يوق ئىدى. مېنى بۇنداق ھالەتتە كۆرسە، ئەتراپتىكى كىشىلەر پەرىشان بولۇپ، تەمتىرەپ قېلىشىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

بۈگۈن شاكىر ئەپەندى ئاجايىپ سەگەك ئىدى. پۈ-تۈنلەي رېئال دۇنيادا تۇراتتى، بۇرۇنقى خۇپسەنلىكى يوق،

خۇشاللىق چاقنىغان كۆزلىرىنى يوغان ئاچقانىدى. چىرايىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئىپادىلەر ئۇنى ئۇن نەچچە ياش ياشارتىۋەتكەنىدى.

خۇددى لاتارىيىدە ئۇتۇپ چىققاندەك، زۇلەيبەنىڭمۇ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. قارا پەلتوسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن كۆكۇچ كۆڭلىكى نەچچە سانتىمېتىر چىقىپ قالغانىدى. گۈزەل چاچلىرىنى تېگى قىزىل، سېرىق گۈللۈك ياغلىق بىلەن چىگىۋالغانىدى. پۇتىدا لاكلانغان ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ، كۆك پەلەي كىيگەن قولىدا ئاپئاق بىر دەستە گۈل بار ئىدى.

زۇلەيبە شۇنداق سەت گىرىم قىلغانىدىكى... قىزىل ئەڭلىك، پارقىراپ تۇرىدىغان قوڭۇر چىرايىغا ئازراقمۇ ئاچمىغان، لەۋلىرى سۆسۈن، قاشلىرىغا سۈرۈۋالغان توم قاشلىق ئۇنىڭ چىرايىنى خۇنۈكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

ۋاسىق زۇلەيبەنىڭ ناھايىتى سەت ئىكەنلىكىنى بۈگۈنلا بايقىدى. لېكىن ۋاسىق ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى، ھازىر بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرمەكتە ئىدى، چۈنكى ۋاسىق ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بەختسىزلىك، ئۇمىدسىزلىك، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلاتتى.

مېھمانلار ئۆزلىرىنى سوراپ ئۈستەلنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. ئۈستەلنىڭ ئالدىدا شاكىر ئەپەندى بىلەن زۇلەيبە، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا چىرايى جىددىي پاكار بىر ئەپەندى، يان تەرىپىدە ئىككى دارازا ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسى گۇۋاھچى ئىدى.

ۋاسىق ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن

بەدىنى مۇزلاپ، پۇت - قوللىرى تىترەيتتى. ئۆزىنى تۇتۇ-ۋېلىشقا ھەر قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە پايدىسى بولمىدى. ۋاسىف تىمتاسلىقتا چۆككەن زالدا يۈرىكىنىڭ سو-قۇۋاتقان ئاۋازىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قالىدىغانلىقىغا ئىشى-نەتتى، ... يۈرىكى بارغانسېرى تېز، بارغانسېرى قاتتىق سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بۇ توي مۇراسىمى مەڭ-گۈ ئاياغلاشمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. زۇلەيبە قولىغا قەلەم-نى ئېلىپ قېلىدىن تىزىملاش دەپتىرىگە ئىمزا قويىغان چاغدا، ۋاسىف ئىدرىكىنى يوقىتىپ، تاقەتسىزلىكتىن كېلىپ چىقىدى-غان بىر ھەرىكەتنى قىلىپ سالدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق نېمىنى بىلدۈرمەكچى؟ بۇنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ئۆزىنى زۇ-لەيبەنىڭ ئۈستىگە ئاتماقچىمۇ؟... يا تاغىسىنىڭ ئۈستىگە ئاتماقچىمۇ؟... يا بولمىسا ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىۋات-قان گۇۋاھچىلارنىڭ ئۈستىگە ئاتماقچىمۇ؟... ئۇ زالدىن چى-قىپ نەگە بارىدۇ؟ ھاۋا يېغىلىمۇ ياكى ئۆزىنى قاچۇر-غىلىمۇ؟

شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە يىللىق، يۇمشاق ئەمما كۈچلۈك بىر قول چۈشۈپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ قو-يۇپ بەرمىدى.

شاكىر ئەپەندىنىڭ كەينىدىن گۇۋاھچىلار قول قويدى. چىرايى سۇرلۇك ھېلىقى پاكار ئادەم تەبرىك سۆزى سۆز-لىدى. مېھمانلار يىگىت بىلەن قىزنى قۇتلۇقلىدى. زۇلەيبەنىڭ ئاپىسى ئىككى قىزنىڭ ياردىمىدە چىرايلىق كىچىك قۇتى-لارغا قاچىلانغان تاتلىق - تۈرۈملەرنى تارقىتىشقا باشلىدى. ئوتتۇرىدا يۈرگەن ئويۇنغا ئامراق كىچىك بالىلار قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، بىرىنچى بولۇپ تاتلىق تۈرۈمگە ئېرىش-

كەن بالا بىلەن جېدەللىشىپ كېتىشتى. ئاپىلىرى ئۆز بالىلىرىنى بېسىشقا تىرىشاتتى. ۋاسىق، ۋاسىقنىڭ ئاپىسى، كىچىك ئاپىسى، نېيلا خانىمنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى بىر چەتتە ئولتۇراتتى.

قوشنىلاردىن بىرى:

— بىچارە نېيلا خانىم... ئاڭلىسام، ئۇنىڭغا قەۋرە قاتۇرىدىغان توپىمۇ تېخى دۆۋىلەنمەپتۇ...

شاكىر ئەپەندى ياش خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئاق قول ياغلىقى بىلەن چېكىلىرىنى، پېشانىسىنى ۋە بوينىنى ئېرتىپ ئولتۇراتتى.

بىرەيلەن ۋاسىقنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ پەس ئاۋازدا:

— قارا تاغامغا... خۇشاللىقىدىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيۋاتىدۇ،— دېدى.

ئۇ نۇرى ئىدى.

— سەنمىدىڭ؟ كەلمەيمەن دېگەنىدىڭغۇ؟ — دېدى ۋاسىق ھەيران بولغان ھالدا كەينىگە ئۆرۈلۈپ نۇرىغا.

— شۇنداق، يەنىلا كەلدىم. ئويان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ تاغامنىڭ توي مەرىكىسىگە بېرىش نىيىتىگە كەلدىم ... بۇنداق سورۇنلار ئاز ئۇچرايدۇ. تاغام توپتوغرا پەتمىش ياشقا كىردى. ئۇنىڭ توي مۇراسىمىغا ئەمەس، دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىشىمىز كېرەك ئىدى،— دەپ جاۋاب بەردى نۇرى.

نۇرى بىلەن بىللە كەلگەن ساجىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ساجىتنىڭ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋاسىقنىڭ ئاچچىقى كەلدى. بۇ توي ۋاسىق ئۈچۈن غايەت زور بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرەتتى. ۋاسىق

بىر تەرەپتىن ئۆز - ئۆزىگە، نۇرىغا ئۆچمەنلىك قىلماي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. نۇرى بىلىكىدىن تۇتۇپ ۋاسىقنى سۆرەپ بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ توختىماي سۆزلەپ كەتتى. ۋاسىق گەپ قىلماي تۇردى، نۇرى ۋاسىقنىڭ بىئارام بولۇپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ:

— بىر قىسىملا بولۇپ قاپسەنغۇ، بۇرادەر؟ كۆرۈپ تۇردۇڭ، بۇ قېرىنىڭ مال - مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلىش ھوقۇقىمىزغا خاتىمە بېرىلدى. مۇشۇنىڭغا كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ كېتىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاسىقتىن.

ۋاسىق مۈرىسىنى قىسىپ قويدى، نۇرى گېپىنى داۋام قىلىپ:

— مەنچۇ، ئەمدى سۆيۈملۈك تاغامنىڭ مال - مۈلكىگە كۆزۈمنىڭ قىرىنى سالمايمەن. دەرۋەقە، سۆيۈملۈك بۇ بىر جۈپلەر كۆپ بالىلىق بولىدۇ، ئىنتايىن بەختلىك ياشايدۇ، بىزنىڭ ئۇ بىر نەۋرە ئىنىلىرىمىز تاغامنىڭ پۇشتىدىن بولمىغان بولسىمۇ، يەنىلا مىراسخور بولالايدۇ.

بىر چەتتە كۈلۈپ قاراپ تۇرغان ساجىت:

— ھوي، نۇرى، —دېدى ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — بۇنداق ئۇنلۈك سۆزلىمە، باشقىلار ئاڭلاپ قالىدۇ.

ۋاسىق ساجىتنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ شۇ تاپتا گاراڭ ئىدى. ئۇ زۇلەيبەنىڭ شاكىر ئەپەندى بىلەن قولتۇقلىشىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆردى. بىر ياش رەسىمگە تارتماقچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. شاكىر ئەپەندى ئۇ ياشقا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ياق، دېمەكچى بولۇۋېدى، لېكىن زۇلەيبە كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە ئۆزىنى رۇسلاپ تۇردى. ئۇنىڭ

رەسىمگە چۈشكۈسى بار ئىدى. شاكىر ئەپەندىمۇ نائىلاج كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. نۇرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي «پاراققىدە» كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئاۋۇ يىگىتكە قارا ... تۇرغان تۇرقىغا قارىغىنا ... ئېمىدېگەن سەت! ... — دېدى نۇرى.

شاكىر ئەپەندى چاقىرغان تاكسىلار شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. ۋاسىق، نۇرى ۋە ساجىت ئۈنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ياش — جەمئىي بەش ئادەم بىر ماشىنىغا چىقتى.

ھەر قېتىم شۇ كۈننى ئەسلىگەن چاغدا، ۋاسىق ئۆز-ئۆزىدىن، بۇ قاباھەتلىك چۈشمىدۇ، دەپ سورايتتى. تاغنىڭ ئۆيى، قىزىپ كەتكەن سورۇن، كاتتا زىياپەت، شورپا، قوي گۆشى، سېردى * تورتىغا توشقان داستىخان. راكى ھارىقى سۇدەك ئىچىلىۋاتاتتى. مېھمانلار ئىچكەنسېرى ئىچىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئەمدى زۇلەيبە ئۇزۇن ئاق ئىچە كىيىپ، چۈمبەل تارتىپ تولىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. چىراغنىڭ يورۇقىدا گىرىسىمۇ سۇس كۆرۈنەتتى.

ئىككىنچى قەۋەتتە، ئېيلا خانىمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئۇدۇلىدا — ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكى تاقاق ئىدى — ياشلار ئاۋاز كۈچەيتكۈچتىن چىقىۋاتقان مۇزىكىغا ئەگىشىپ تانسا ئويناۋاتاتتى. چوڭلار بىرىنچى قەۋەتتە ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ راكى ھارىقى ئىچىشىۋاتاتتى. بىر بۇلۇڭدا سىگان مۇزىكا ئەترىتى تۈرك مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلاۋاتاتتى.

* سېردى — تورتى تويدا يېيىلىدىغان كۆركەم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان گۆرۈچ تورتى.

بۇ مۇزىكا ئەترىتى — بىر قارىغۇ ئىسكىرىپكىچى، ئاق چاچلىق بىر موماي ۋە قارىغۇمچاق كەلگەن بىر پاشتىن تەركىب تاپقانىدى. ياشراقى ئۇزۇن ھەم قويۇق چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ دىرىژورلۇق قىلاتتى.

قوڭۇر چاچلىق، زىلۋا بويلۇق، چىرايلىق ھەم چاققانغىنا ئىككى سىگان قىزى ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇلار بەزىدە بىلەكلىرىنى، مۈرىلىرىنى، ساغرىلىرىنى ئويناتقان چاغدا، بەدەنلىرىدىكى گۆشلىرى لىغىرلاپ كېتەتتى. قورساقلىرىنى كۆچاڭ چايقىغان چاغدا، ئۇستىخانلىرى ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆكلەكلىرى ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. ھېلىقى قېرى موماي بوغۇق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ، ئو ... ئو ... ۋوي ... دەپ توۋلاپ ئۇسسۇلچى قىزلارغا مەدەت بېرەتتى. ئەتراپتىكىلەر ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ چاۋاك چېلىشاتتى.

ۋاسىفتىن باشقا ھەممە ئادەم خۇشال ئىدى. ئۇ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان پىتى تاڭ ئاتقۇچە بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ قورقۇنچلۇق كېچىنى چۈشەپ تۇرمىنىڭ غۇۋا كامېرىدا قانچە قېتىم چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى...

ۋاسىفنىڭ زۇلەيىغا بولغان مۇھەببىتى ئۇزۇلمەس، ئەسەبىي مۇھەببەت ئىدى. ئۇ بۇ مۇھەببەتتىن ئەسلا قۇتۇلالمىدى، ئەكسىچە بارغانسېرى قاتتىق باغلىنىپ قالدى. بۇ مۇھەببەت ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى نابۇت قىلدى ...

ۋاسىق زىياپەت تۈگىمەستىنلا ئاپىسىغىمۇ ئېيتىپ قويماي كېتىپ قالدى. ئۇ شەھەر ئىچىنى ئارىلاپ دەم قاراڭغۇ، دەم يورۇق چۆلىسىرەپ قالغان كوچىلاردا ئاي-لىنىپ يۈردى. تاڭ ئاتقان چاغدا ئۆيىگە قايتتى. ئاپىسى ئىشقا مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. ۋاسىق ئاپىسىنىڭ چىرايىنىڭ بەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

ۋاسىق ئاپىسىنىڭ ئىشىك ئېچىپ بەرگەن چاغدىكى خۇشاللىقتىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى پات-پات ئەسلەيتتى. ئەسلىدە ئاپىسى ئۆز خۇشاللىقىنى يوشۇرالماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى، ئاپىسى:

— ئۇھ! سەنكەنسەنغۇ ... سېنى كۆرگىنىمگە بەك خۇشالمەن ... — دېدى. ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ گۇناھ-لىق ئىش قىلىپ قويغان كىچىك بالىدەك ئوڭايسىزلانغان ھالدا! — بەك ئەنسىرەپ كەتتىم، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— كەچۈرۈڭ، ئاپا، مەن چارچاپ كېتىپ، ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم. يولدا بىر نەچچە دوستلىرىم ئۇچراپ قالدى، شۇلارغا تۇتۇلۇپ قالدىم ...

ئاپىسى ۋاسىقنىڭ مۈرىلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھۇجراڭغا كىرىپ تۇر، قەھۋە دەملەپ ئەكىرىپ بېرىمەن، — دېدى.

— ئىچمەيمەن، ئاپا ... رەھمەت سىزگە، ماڭا قەھ-ۋە كېرەك ئەمەس ... چارچاپ كەتتىم، ئۇخلىۋالاي.

— بوپتۇ ئەمىسە، بالام.

ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق ۋە خەيرخاھ-لىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى.

ۋاسىق ھوجرىسىغا كىرىپ تامدىكى ئەينەككە قاراپ باياتىن ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە نېمىشقا ئۇنداق قارىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ھارغىن، غەمكىن ۋە تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. ئۇ كارىۋاتتا دۈم يېتىپ خۇددى تاياق يېگەن كىچىك بالىدەك ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدى ... دەل مۇشۇ چاغدا ئاپىسى ئۆيىنىڭ چوڭ ئىشىكىنى چىڭ يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشقا ماڭغانىدى.

زۇلەيھە توي قىلىپ ئارىدىن يەتتە ئاي ئۆتتى. ۋاسىق زۇلەيھەنى كىچە - كۈندۈز سېغىناتتى. زۇلەيھە بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئېپىنى قىلالماي ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاسىق ھېسسىياتىنى قىلچە باسالمىدى. ئۇ ئازابلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. بۇنداق ئازاب ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن بىزار بولغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. بۇ — ئەلھۆكىملىللا دېيىدىغان، ئادىل بولىدىغان ھەم قىلچە مەززىسى يوق تۇرمۇش ئىدى. بۇ سۆيگەن يارىنى تارتىۋالغان قېرىنىڭ ئالدىدا ۋاسىقا بولغان ھاقارەت ئىدى. بۇ كۆڭۈل ئاغرىقى ئۇنى تېخىمۇ مىسكىن ھەم تېخىمۇ كەمسۆز قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئوقۇشتىن رايى قايتتى، لېكىن تاشلىۋەتكىلى بولمىدى. چۈنكى ئاپىسى ئوغلىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ھەر بىر تىيىننى تېجەپ ئىشلىتىپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت تارتىۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاسىقنىڭ تۇرمۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش ئۇنىڭغا نېمىلەرنى بەردى؟...

ۋاسىق پات - پاتلا نۇرى بىلەن تالىشىپ قالاتتى، نۇرىنىڭ قاراشلىرىمۇ بىر ھېسابتا توغرا ئىدى. بىر ياش

دوختۇرنىڭ ھەشەمەتلىك ئامبولاتورىيە سالغۇدەك پۇلى بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ داڭلىق دوختۇر بولالمايدۇ، پەقەت سەھرا دوختۇرى بولالايدۇ، دەيتتى نۇرى.

بۇ گەپلەر ۋاسىفنىڭ ئوغىسىنى قايىنتاتتى. مەيخانىدىن ھەر كۈنى ئاخشىمى يېرىم كېچىلەردە ياناتتى. ۋاسىف ھازىر مەيخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ قالدى. ۋاسىف بىر كۈنى نۇرىدىن زۇلەيبەنىڭ ئىككى قات ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. نۇرى:

— بالا دۇنياغا كەلسە، قېرى چوقۇم خۇشال بولىدۇ ... ئۇ قېرىنىڭ مىراسخورى چوقۇم قەھۋە سودىگىرىنىڭ ئوغلى تەۋفىققا ئوخشايدۇ... تەۋفىق، ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ... — دېدى.

ۋاسىفنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ نۇرىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ:

— نۇرى، زۇلەيبەگە تۆھمەت قىلىشتىن تىلىڭنى تارت ... — دېدى.

نۇرىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چەكچىيىپ كەتتى.

— مەن زادىلا چۈشەنمىدىم، سەن نېمىشقا زۇلەيبەگە بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىسەن ... مەن نەدە ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىدىم؟ مەن ئېنىق ئىشنى دېدىم، گېپىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن.

ۋاسىف ئۈستەلنى مۇشتلاپ:

— بىلگەن تەقدىردىمۇ دېمە! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاسىف ھارىقىنى ئىچىپ بولماستىن مەيخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە كەلدى، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى، ھۇجرى-

سىغا كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. تەۋپىق، زۇلەيخەنىڭ كېلىشكەن ئاشنىسى تەۋپىققا دارىتمىلاپ قىلىنغان گەپ-لەردىن ۋاسىپنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى ناھايىتى ئېنىق ئىزاھلاپ بەردى ... مەن كۈنداش-لىق قىلىۋاتىمىنا، يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىمەن؟ ۋاسىپ مىجەزى يوقلۇقنى باھانە قىلىپ، تاماق يېگىلى پەس-كىمۇ چۈشمىدى.

ۋاسىپ ئەتىسى چىداپ تۇرالماي زۇلەيخەنىڭكىگە باردى. ئايال چاكىرى يوق، ئۆيدە زۇلەيخە يالغۇز ئىدى. ئۇچىسىغا قېنىق رەڭلىك يۇمشاق خالات كىيىۋالغانىدى، زۇلپى چاچلىرى مۇرىسىدە يەلپۈنۈپ تۇراتتى، لەۋلىرى قىپقىزىل، كۆزلىرى نۇرلۇق ئىدى.

— ۋۇي، — دەپ توۋلىۋەتتى زۇلەيخە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ۋاسىپنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، — سىزكەن-سىزغۇ ...

— ھەئە، مەن، — دېدى ۋاسىپ كىكەچلەپ.

— ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ مېنى ياد ئەتكىنىدىن مەن ئاجايىپ خۇش ...

— مەن سىزگە بىر ئىشنى دەپ قويغىلى كەلدىم ... سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر ئىش بار.

— خوش، — دېدى زۇلەيخە تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەي، — ئىشىك ئالدىدا تۇرماي، ئۆيگە كىرىڭ.

زۇلەيخە ۋاسىپقا يول بوشىتىپ بىر چەتتە تۇردى. ئىشىكنى يېپىپ، ۋاسىپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ باشقا بىر ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئىسسىق بىر ئۆيگە كىردى، دېرىزە پەردىلىرى يېرىم چۈشۈرۈكلۈك ئىدى. يۇڭلۇق

كۆل رەڭ مۇشۇك تۆشەكتە ياتاتتى، ساپال ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتاتتى، زۇلەيبە ۋاسىفقا ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ:

— ئۆرە تۇرماي ئولتۇرۇڭ ... بۇ ئۆيمۇ ئۆز ئۆيىڭىزگە ئوخشاش، تاغىڭىزنىڭ ئۆيى ئۆزئۆيىڭىز — سىز مۇشۇ ئۆينىڭ بالىسى...، — دېدى.

كۆڭۈلنى ئاغرىتىدىغان بۇ گەپلەرگە ۋاسىف جاۋاب بەرمەستىن ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. زۇلەيبە قىزغۇچ ساپما كەشنى سېلىۋېتىپ سافانىڭ ئۇستىدىكى تۆشەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتى. سافانىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۇستەلدە گىرىم قۇتىسى تۇراتتى. زۇلەيبە ھۇرمەتسىزلىك بولۇپ قالار، دېمەستىن ۋاسىفنىڭ كۆز ئالدىدا قايچا بىلەن تىرناقلىرىنى ئالغىلى تۇردى.

— ھوي ... گەپ قىلمامسىز. دەيدىغان گېپىنى بالدۇر-راق دېسىكەن، دەپ تىتىلداپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى زۇلەيبە ۋاسىفنىڭ گەپ قىلماي پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ.

ۋاسىف يەنىلا ئۈندىمەي زۇلەيبەگە قاراپ كەيپى ئۇچقان ھالدا ئولتۇراتتى. بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايتتى... زۇلەيبەنى، زۇلەيبەنىڭ ياسالمىلىقىنى، شەپقەتسىز قاراشلىرىنى، شاد كۈلكىسىنى ۋە ئوماق قاپقارا كۆزلىرىنى كۆرمىگىنىگە نەچچە ئاي بولغانىدى.

ئادەمنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان بۇنداق جىملىقنى بۇزماي بولمىدى. زۇلەيبە قاتتىقراق تەلەپپۇزدا:

— گەپ قىلىشتىن ئاۋۋال، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن: مەن ئىلگىرىكى زۇلەيبە ئەمەس ... ھازىر، مەن سىزنىڭ چوڭ ئاپىڭىز، تاغىڭىزنىڭ، دادىڭىزنىڭ ئاكىسىنىڭ ئايالى ... — دېدى.

ۋاسىق تېرىككەندەك قول ئىشارىسى قىلدى.

— ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلغىنىڭىزنىڭ قىلچە پايدىسى يوق، زۇلەيبە.

— بۇ گەپلىرىڭىزدىن قورقۇپ قالمايمەن، نېمە دېگۈم كەلسە، شۇنى ... مېنىڭچە گەپنى ئوچۇق - يورۇق - راق قىلساق تېخىمۇ ياخشى. شۇڭا سىزگە مەن تاغىڭىز - نىڭ ئايالى، دېدىم.

— بولدى بەس، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار، يەنە دەۋىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سىز تاغامغا تەگكەندىن بۇيان، ھەمىشە مۇشۇ رەھىمسىز پاكىتنى ئويلايمەن، ھەرگىز ئۇنۇ - تۇپ قالمايمەن، باشقا ئىشلار كاللامغا كىرمەيدۇ.

زۇلەيبەنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ «غۇۋژىدە» ئاچچىقى كەلدى.

— رەھىمسىز پاكىت؟

— ھەئە، رەھىمسىز پاكىت ... بۇنى ئۆزگەرتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدى، ماڭا ئەمدى ئازابقا چىدىماق - تىن باشقا يول يوق.

ۋاسىق ئۆزىدە زۇلەيبە بىلەن مۇشۇنداق ئۇسۇلدا سۆزلەشكۈدەك جاسارەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

— لېكىن، سىز بۇ رەھىمسىز پاكىتنى پەيدا قىلىشنى خالىدىڭىز... ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدىڭىز... مەنچۇ، مەن بۇنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيمەن، ھەرگىز، ھەرگىز، ھەرگىز... — ۋاسىق يىغلاپ تاشلىماي، دەپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

زۇلەيبە:

— قارىغاندا سىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەن ئوخ - شايسىز؟ — دېدى.

— ياق، — دېدى ۋاسىق كۆز يېشىنى بېسىپ، — مەن سىزگە مۇھىم بىر ئىشنى دېگىلى كەلگەن.
— قۇلىقىم سىزدە ... دەك، مەن بەك قىزىقىمەن، ناھايىتى بىلگۈم كېلىدۇ، سىزنى قانداق بىر مۇھىم سەۋەب مېنىڭكىگە باشلاپ كەلدى؟
— سىز پات ئارىدا يەڭگىيسىز، راستمۇ؟
زۇلەيپە قايچىنى قويۇپ مەسخىرە ئارىلاش رەنجىگەن ئاھاڭدا:
— مەندىن بۇ ئىشنى سوراپ بەك ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭىز، ۋاسىق... ھۆرمەتكە سازاۋەر، تەربىيە كۆرگەن بىر ئايال بۇ سىرنى باشقىلاردىن ئىلاجى بار ئۈزۈنغىچە يوشۇرىدۇ، ھەتتا ئۆز ئېرىدىنمۇ.
— قېنى دەك، — دېدى ۋاسىق يەنە بىر قېتىم، — پات ئارىدا يەڭگەمسىز؟
زۇلەيپە مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:
— سىز بەك غەلىتىكەنسىز، — دېدى. كەينىدىنلا يەنە، — شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.
— بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى يوق، لېكىن كوچا - كويلاردا سىز توغرۇلۇق ئېيقىپ يۈرگەن پىتنە - پاساتلاردىن سىزنى خەۋەردار قىلىپ قوياي، ئېھتىيات بولۇشىڭىزنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي دەيمەن.
زۇلەيپەنىڭ چىرايىدىكى ھاكاۋۇرلۇق ھەم مەسخىرىلىك ئالامەتلىرى شۇئان غايىب بولدى. گۇمان ئەكس ئەتكەن قاراشلىرىدىن ۋە چىرايىدىن ئۆزىنى ئاقلاشقا ھازىرلىنىپ تۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قاراشلىرى خەتەر ئالدىدا

تۇرغان يىرتقۇچ هايۋاننىڭ قاراشلىرىغا ئوخشايتتى.

— ناهايىتى ياخشى، قىينى دەڭ ... مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدكەنسىز ...

— خەقلەرنىڭ دىيىشىچە، قورسىقىڭىزدىكى بالا، ئاغامنىڭ ئەمەس، بەلكى تەۋفىق، ھېلىقى قەھۋە سودىگىرىنىڭ ئوغلىنىڭ با'ىسىمىش.

— قەھۋە سودىگىرىنىڭ؟...كىم ئۇ؟ مەن ئۇنى تونۇمايمەن.

ۋاسىف ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— يالغان ... ئۇنى تونۇيسىز! بىز ئۇنى قەھۋەخانىدا تولا ئۇچرىتىپ قالاتتۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندا، سىز مەندىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغان. كېيىن، سىز ماڭا، ئۇ ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، دېگەنىدىڭىز، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن كۆز سوقۇشتۇرغان ... كۆز سوقۇشتۇرغان!...

ۋاسىف زۇلەيبەنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كۆزلىرى ئالدىدىن قانداقتۇر بىر كۆلەڭگۈنى نېرى قىلىشقا تەمەكچى بولغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. بىردىنلا «غۇژژىدە» ئاچچىقى كېلىپ زۇلەيبەنىڭ ئالدىغا باردى - دە، مۈرىسىنى تۇتۇپ سىلكىشلىگىنىچە:

— قېنى دەڭ، دەڭ دەيمەن... سىز شۇنىڭ ئاشنىسى، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراردى.

— ساراڭ بوپسىز، ۋاسىف ... ساراڭدەك ... ئالجىۋاتسىز ...

شۇنداق، ۋاسىف ساراڭ بولغانىدى. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان كۈنداشلىق ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويغانىدى..

راست، ئۇ كۈنداشلىق قىلمىۋاتىدۇ ... كۈنداشلىق ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قانىنى قىزىتمۋەتكەنىدى.

زۇلەيبە توي قىلغاندىن كېيىن، ۋاسىف ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشنى توختاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى مۇشۇ زۇلەيبەنى ھېلىھەم خۇددى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى. ۋاسىف زۇلەيبە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراقتەك، شۇ سەۋەبتىن باشقىلارغا يېقىنلىشالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ۋاسىفنىڭ زۇلەيبە شارائىتىنىڭ تەسىرى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى تۈپەيلىدىن بۇتويغا رازى بولغان، دېگۈسى كېلەتتى. ئۇ بىر ئاشپەزنىڭ قىزى، يەنە كېلىپ يوقسۇل. شۇڭا ئۇ شاكىر تاغىنىڭ مال - دۇنياسى ئالدىدا ئازدى. ئۇنىڭ ئېرىنى ياخشى كۆرۈپ كېتىشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېرىغا سادىق بولىدۇ. چۈنكى قارىماققا يەڭگىلتەكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ھەر ھالدا كەسكىن. ئۇ پاكلىقنى ساقلاش، ساداقەت ھەم مىننەتدارچىلىق يۈزىسىدىن ئېرىغا ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ. زۇلەيبە ئېرىغا تەشەككۈر ئېيتىشى كېرەك، چۈنكى ئېرى ئۇنىڭ جىمى ئارزۇسىنى قاندۇردى... ۋاسىف زۇلەيبەدىن مانا مۇشۇلارنى كۈتەتتى.

نۇرى پات - پاتلا قالايمىقان سۆزلەيتتى. ۋاسىف بىر قېتىم ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۇتۇپ قالدى. زۇلەيبەگە شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتكەن كېلىشكەن تەۋفىق، ئىككىسىنى نەچچە قېتىم جىيدەلگە سېلىپ قويغانىدى. زۇلەيبە سۆيدۈرمەي تۇرۇۋالغاندا ۋاسىف كۆڭلىدە، ئۇ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن، دەپ ئويلىغانىدى، ئۇ ئادەم تەۋفىق ئىدى.

بۇ قورقۇنچلۇق كۆنداشلىق ۋاسىفنى تۈنۈگۈن ئاخشامدىن تارتىپ ئازابلاپ كېلىۋاتقانىدى. ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن كۆنداشلىق قىلىۋاتامدۇ ياكى ھازىرقى مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈنمۇ؟ بۇنى ۋاسىفنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ۋاسىف زۇلەيبەنى سىلكىشلەپ تۇرۇپ تەكرار ـ تەكرار:

ـــ يالغان ... قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىۋاتىسىز! سىز شۇنىڭ ئاشنىسى، شۇنداقمۇ؟ ـــ دەيتتى.

زۇلەيبەنىڭ چىرايى شۇقەدەر ياۋۇز ھەم شۇقەدەر قورقۇنچلىق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە:

ـــ قويۇۋېتىڭ، ـــ دېدى ئىڭراپ، ـــ مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز ئەمەس.

ۋاسىف بىردىنلا ئۆزىنىڭ بىمەنە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى تۇيدى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە شۇنداق يېقىن ھالەتتە ئۆرە تۇراتتى. سۆيۈملۈك زۇلەيبەنىڭ تېنىدىن چىقىۋاتقان ھارارەت ۋاسىفنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئەنبەر ئارىلاش كۈچلۈك ئەتىر ھىدى كېلەتتى...

مەن ساراڭ بوپتىمەن، قىپقىزىل ساراڭ بوپتىمەن، مېنى لەقۋا، كۆلكىلىك ئادەم دېسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ...دەپ ئويلىدى ۋاسىف.

زۇلەيبە ۋاسىفنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ:

ـــ قانداق؟... بۇنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى بارمۇ؟ سىزگە ياخشىلىقچە دەپ قويay، مەن تەھدىتىڭىزدىن قورقمايمەن. مەن ياتلىق بولغان ئايال، قانچە بالا تۇغقۇم كەلسە، شۇنچىنى تۇغىمەن. ناۋادا گۇمانلىنىدىغان يەرلەر بولسا، ئېرىم گۇمانلانسا بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ مېنى

سوراق قىلىدىغان ھەققى يوق.

زۇلەيخە ۋاسىفنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىدى، ۋاسىفمۇ زۇلەيخەدىن نېرى كېتەلمەيتتى. ۋاسىف زۇلەيخەنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولدى، ئەمما پېتىنالماي بوش ئاۋازدا:

— مېنى كەچۇرۇڭ، زۇلەيخە... — دېدى.

زۇلەيخە ئەمدى قورقۇشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى بىلىپ، تەرىنى تۇرۇپ:

— مېنى زۇلەيخە،دېمەي، چوڭ ئاپا دەڭ، — دېدى.

— مەن مەڭگۇ بۇنداق دېيەلمەيمەن...بۇ ئۆزىڭىزگە ئېنىق، مەن سىزنى بۇنداق چاقىرالمايمەن...

— شۇنداق، بىلىمەن، ماڭا نېمىشقا بۇنداق ئۆچلىك- ڭىزنىمۇ بىلىمەن.

— مەن سىزگە ئۆچ ئەمەس. مەن ئىمكانىقەدەر سىز- دىن سوۋۇپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىۋاتىمەن. لېكىن قۇدرىتىم يەتمەيۋاتىدۇ.

—تاغىڭىزنىڭ ئايالىغا تەپتارتماي مۇشۇنداق گەپلەرنى دېيىشتىن، مېنى مۇشۇنداق كۆنلەپ يۇرۇشتىن نومۇس قىلىشىڭىز كېرەك. مەن دىيانەتلىك ئايال، ئۆز ئېرىغا سەممىي - سادىق ئايال. ھەمدە مەڭگۇ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىمەن. ئادەم قورقىتىدىغان گەپلىرىڭىزدىن قورقۇپ كەت- مەيمەن، بىر تال مۇيۇممۇ تەۋرەپ قويمايدۇ... يالغاندىن ياخشى كۆرگەن بولۇپ مېنى ئىگىۋالىمەن دېمەڭ. ئاشۇ پاسىق خوتۇنلار بىلەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە مىتمۇ قىلىپ قويمايمەن. ھېچنېمىنى ئاڭلىغۇم ھەم بىلگۇم يوق... سىلەر- دەك ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىغا پىسەنت قىلمايمەن.

ۋاسىف زۇلەيخەنىڭ شۇنچىلىك يېقىن ئارىلىقتا تۇرغان

چىرايىغا قاراپ ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى.

— مەن پەقەت مۇشۇ پىتنە - ئىغۋالارنى سىزگە دەپ قويغىلى كەلدىم.

— پىتنە - ئىغۋا... بۇ ئىشنى سىز بىلىسىز، سىز ئاغزىڭىزغا چىڭ بولۇڭ، راست، بۇنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ھاقارەتلەيدىغان تۆھمەت. مەنچە، قاراڭ، بىمەنە سۆزلىرى ئۈچۈن ئاشۇ رەسۋا خوتۇنلارنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىمەن، مېنى پۇخادىن چىققۇچە تىلىسۇن. ئۇلار ماڭا ئۆلگۈدەك ئىچى تارلىق قىلىدۇ، چۈنكى مەن ياش، چىرايلىق، تۇرمۇشۇم پاراۋان ھەم بەختلىك. ئېرىم مېنى ئۇلار ئارقىلىق چۈشىنىشكە موھتاج ئەمەس، ئۇ مېنى چۈشىنىدۇ، شۇنداق ئوبدان چۈشەنگەچكە مېنى ياقتۇردى، ھۆرمەتلىدى... ئاشۇلار ئۆزلىرى توقۇغان ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېرىمگە دېسىمۇ مەيلى، مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. مېنى ھېچكىم قورقىتالمايدۇ، بىلەمسىز؟

ۋاسىف، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست، گۇناھسىز ئادەملا يۈرەكلىك ھالدا مۇشۇنداق دېيەلەيدۇ، دەپ ئويلىدى. بۇ ئويى بىلەن ۋاسىفنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. زۇلەيھە تېخىمۇ چىچاڭشىپ يەنە:

— بۇ گەپلەرنى كىمنىڭ توقۇپ، تارقىتىپ يۈرگەنلىكىنى مەن بىلىمەن... نۇرىنىڭ ئاپىسى، ئۇ مېنى يامان كۆرىدۇ. مېنى ياش، چىرايلىق، بەختلىك دېسە، بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس. ئۇ ئايال ماڭا ئىچى تارلىق قىلىدۇ، تۇرمۇشۇمنى، بەختىمنى كۆرەلمەيدۇ. مەن ئادەتتىكى خۇشاللىقتىن ھېچقاچان بەھرىمەن بولمىغان، ھەتتا ئېچىلىپ -

يېيىلىپ كۈلۈپ باقمىغان بىر قېرىنى بەختىلىك قىلدىم. ھازىر ئۇ كۈلدى، خۇشال بولدى. ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا راھەت تۇرمۇش ئاتا قىلدى، — دېدى.

ۋاسىف ئۈندىمەستىن زۇلەيبەنىڭ گېپىگە قۇلاق سالاتتى.

— سىزنىڭچە مەن قانداق قىلىمەن؟ سىز نېيىلا خانىمدىن مېھرىڭىزنى مۇشۇنداق ئۈزەلمەمسىز؟ ماڭا جەرىيان سۆزلىمەك. ئۇ موماي ئۆلگەن چاغدا ئاپام ئۇنىڭ بېشىدا ئىدى. قانداق؟ ئۇنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى شۇ چاغدا نەگە كېتىپتىكەن؟

— زۇلەيبە...

— ئۇ قېرىنىڭ تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشنى مېنىڭ ئاپام ئۆگەتكەن، ئېڭىكىنى مېنىڭ ئاپام قاتقان.

ۋاسىف، مۇشۇ ئايالنىڭ كاساپىتىدىن چوڭ ئاپام بالدۇر ئۆلگەن بولسا كېرەك. كۆڭلىگە ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى سالسا، بىمارنىڭ كۆڭلىرى قورقۇش ئىچىدە ئۆتۈپ ئاخىر بېرىپ ئۆلىدۇ، دەپ ئويلىدى.

ۋاسىفنىڭ شۈكلىشىپ كېتىشى زۇلەيبەنى غەيرەتلىك قىلىۋەتتى، زۇلەيبە گېپىنى داۋام قىلىپ:

— تاغىڭىز مېنى ئالمىغان چاغدا ئۆيىگە بىر تىيىننى ئارتۇق خەجلەپ باققانمۇ ...مەن تەگكەندىن كېيىن ئۇ سىلەرنى ئاچ قويدىمۇ؟...سىز مېنىڭ نېمەمگە قارشى تۇرىسىز؟ مەن شاكىر ئەپەندىنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆزۈملا خالىسام، مەن ئۇنىڭدىن بىر، ھەتتا بىر نەچچە بالا تۇغىمەن...

— بولدى قىلىڭ، زۇلەيبە ...

— ياق، گېپىمنى ئاخىرغىچە ئاڭلاڭ...مەن توي قىل-

غاندىن كېيىن ئەتراپىمنى نەپرەت قاپلىدى، ھەممە ئادەم ماڭا ئۆچ بوپكەتتى...ھەر قېتىم كوچىغا چىقسام، ھەممىسى ماڭا بۆرىلەردەك تىكىلىپ قارىشىدۇ. يېڭى ئاياغ، يېڭى باش كىيىم، بېغىشىمدىكى بىر جۈپ بىلەزۈك، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ھاقارەتلەيدىغان دەستەككە ئايلاندى. مەن ئەسلىدە مۇشۇ مەھەللىدە، تۇراتتىم، بىرەر سىمۇ شاكىر ئەپەندىنىڭ گېپىنى قىلىپ باقمايتتى. ئەمدى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىغا دىققەت قىلىدىغان، ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولدى. زۇلەيبەنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئېرى يېقىندا زۇلەيبەگە سوۋغا قىپتۇ... دېيىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەر قانداق ئىشقا ئارىلىشىدۇ، نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ ئېرىم ماڭا كۆپ نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان، مېنى ئەتىۋارلاپ، چوڭ كۆرگەن بولسا، بۇ مېنىڭ ئۇنى بەختلىك قىلغانلىقىمنىڭ شاراپىتى. ئۇنىڭ ئۆيى ھەممىشە چىنىدەك پاكىز، خۇشاللىققا تولغان، ئۇ كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەندە ئامراق خوتۇنىنىڭ دېرىزە ئالدىدا يولىغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئالدىغا چىقىمەن. ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەيمەن. مەن دىيانەتلىك، ۋاپادار، سادىق خوتۇن ... راست، مەن ياپياش تۇرۇپ، شۇنداق چوڭ ياشلىق ئادەمگە مۇھەببەت قويىدۇم. مەن ئەمدى خاتىرجەم ھالدا بەختلىك تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرەي.

زۇلەيبەنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى.

— ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، بولۇپمۇ نۇرى بىلەن نۇرىنىڭ ئاپىسىنىڭ مېنى نېمىشقا يامان كۆرىدىغانلىقىنى مەن بىلىمەن ... ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇق، ناۋادا مەن بالىلىق

بولسام، نۇرى ئېرىمنىڭ — ئۆز تاعىسىنىڭ مىراسخورى بولالمايدۇ، ئۇلار مۇشۇنى ئويلايدۇ ... سىزچۇ، سىز مېنىڭكىگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟ ھەقىقىي پاكىتنى بىلگىلى كەلدىڭىزمۇ، بۇ پاكىتنى سىلەر قورقۇپ كېتىسىلەر ... بولمىسا، بىر ياش ئەدەبىسىزلىك بىلەن چوڭ ئاپىسىدىن... — راست، راست، تەربىيىڭىزنى تونۇمەك. مەن سىزنىڭ چوڭ ئاپىڭىز — ... چوڭ ئاپىسىدىن، سىز يەككىش ئالدىدىمۇ؟ دەپ سورامدۇ؟ سىز مېنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈمىدىدە بولدىڭىز، مەن بۇئىشنى تېخى ئېرىمنىمۇ ئىقرار قىلمىدىم ...

ۋاسىنى زۇلەيبەنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تېپىپ ئوساللىق ھېس قىلدى. ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېكەچلىگەن پېتى:

— مېنى كەچۈرۈڭ، زۇلەيبە. بىھۇرمەتلىك قىپتىمەن. قاراملىق قىپتىمەن ... — دېدى.

— مەن ئاشۇ كىشىلەرنى رازى قىلىشنى خالايمەن. سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنىمۇ قانائەتلەندۇرىمەن. خەق قانداق ئۈمىدتە بولسا مەيلى، ياق، مەن تېخى ئىككى قات بولمىدىم....

— بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالمايلى، مېنىڭ ھەرقانداق گەپنى ئاڭلىغۇم يوق.

— تەۋپىقنا كەلسەك، قەھۋە سودىگىرىنىڭ ئۇ ئوغلىنى تونۇمايمەن ... يادىمدىمۇ يوق. ناۋادا، ئىلگىرى ئالدىڭىزدا ئۇنى تىلغا ئالغان بولسام، ئىچىڭىزنى قىزىتاي دېگەن بولسام كېرەك ... چۈنكى، مەن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن...

— زۇلەيبە، — دېدى ۋاسىنى نالە قىلىپ، ھەسرەت

ئاربلاش خۇشاللىقتىن ۋاسىفنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك بولدى.

زۈلەيبە ۋاسىفنىڭ مۇرىلىرىنى قامالاپ تۇتۇپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى پاتۇرۇۋەتتى. ئۇ ۋاسىفنى سىلكىيتتى، كۆزلىرىدىن ئەلەم تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— راست، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن سىزچۇ، ئاشۇ چاغدا، مەن بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن نېمەلەرنى قىلدىڭىز؟ ... مەن تاغىڭىزنىڭ ئايالى بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ كۈنگە قەدەر سىز ماڭا قەتئىي ھالدا تەكلىپ قويۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ... پەقەت مىراسخورلۇق ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، توي ئىشىمغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدىڭىز. بۇمۇ سىزنىڭ پىلانىڭىز.

— بولدى، — دېدى ۋاسىف، — مېنى ھاقارەتلەشكە ھەققىڭىز يوق. سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرگەن، سىزگە ئاشىق - بىقارار بولغان... مەن ھېلىھەم سىزگە ئاشىق - بىقارار.

ۋاسىف زۈلەيبەنى قۇچاقلىدى، زۈلەيبە قارشىلىق قىلمىدى. ئۇ بېشىنى ۋاسىفنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ يۈزىنى يوشۇردى.

— زۈلەيبە، — ۋاسىف شۇنداق دەپ زۈلەيبەنىڭ چاچلىرىنى توختىماي سۆيەتتى.

زۈلەيبە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋاسىفنى بويىنىدىن قۇچاقلىدى. لەۋلىرىنى تۇتۇپ بەردى، ئەمما دەرھال تارتىۋالدى. زۈلەيبە ۋاسىفنى ئىتتىرىپ سافاغا يىقىتىۋەتتى ۋە ئۆتتۈنۈپ تۇرۇپ:

— بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمالـ ... سىزنى ئەمدى كۆرگۈم يوق، زادىلا كۆرگۈم يوق ...

گاڭگىراپ قالغان ۋاسىق زۇلەيبەگە قاراپ بىر قەدەم ئالدىغا ماڭدى.

— ... ياق ... ياق، ۋاسىق، سىزنى بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرغۇزمايمەن...

ۋاسىق ئېڭىشىپ زۇلەيبەنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ قۇچاقلىدى... ئىشىكتىكى قۇلۇپقا ئاچقۇچ سېلىندى، زۇلەيبە دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھاياجانلىنىش ۋە خاتىرجەمسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ناھايىتى تەبىئىي ئاھاڭدا:

— ئاپلا، خۇدايىم ... ئايال خىزمەتكار بازاردىن قايتىپ كەپتۇ ... دېدى. ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ:

— ئاۋۇ ياقتا تۇرۇڭ، مىدىرلىماڭ، سىز بىلەن يالغۇز تۇرغانلىقىمنى ئۇ كۆرۈپ قالمىسۇن ... ئاغزىڭىزنى ئېتىۋېلىڭ، ئاغزىڭىز پۈتۈنلەي لەۋ بويىقى، — دېدى.

زۇلەيبە خالتىنى يېڭىباشتىن ئوڭشاپ، ئەينەك ئالدىغا بېرىپ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئالدىراش سىرتقا ماڭدى. ۋاسىق ئالەمچە خۇشاللىق ئىلكىدە ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قىزغۇچ سايما كەشىنىڭ تىۋىشىغا قۇلاق سالدى. ۋاسىق زۇلەيبەنىڭ ئايال چاكىرى بىلەن قىلىشقان گېپىنى، ئارقىدىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. زۇلەيبە ئىشىكنى ئېچىپ، بوسۇغىدا بىردەم تۇرۇپ ۋاسىقنىڭ يەنىلا ئاشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ھاياجان چاقنىغان كۆزلىرىدە تەسىرلىنىش، پەرىشانلىق ۋە چەكسىز بىئاراملىق ئەكس ئەتكەندى. بۇھال زۇلەيبەگە ناھايىتى

قىزىق تۇيۇلدى. ئۇ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ كۈلگەن ھالدا:
— سىز ساراڭ بوپسىز، بۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ گۇمانلانمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىز ئۇ يەردە تۇرسىڭىز مەرمەر ھەيكەلگە ئوخشاپ قالىدىكەنسىز ... مانا مۇشۇنداق تۇرسىڭىز... بۇياققا كېلىڭ... ئۈنىش چىقارماڭ... ئايال چاكارنىڭ سىزنى بۇ يەردە كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايمەن...
ھوي، مىدىرلاپ بېقىڭە.
— زۇلەيبە، مەن نېمىدېگەن بەختلىك...
— راست، سىز ساراڭ بوپسىز، مەن بىلىمەن، لېكىن...
— زۇلەيبە چۈنكى سىز مېنى مەن سىزنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىسىز ...
— ئاھ ۋاسىف، — دېدى زۇلەيبە تىترىككەندەك تەلەپپۇزدا، — ئۇنلۇك گەپ قىلماڭ ... بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇڭ...
— زۇلەيبە، سىز بۇ قېرىغا ئەمدى خوتۇن بولماڭ...
— قالايمىقان سۆزلىگىلى تۇردىڭىز، بالام ... ئايرىلىدىغان چاغدا مېنى ئۆكۈندۈرۈپ قويماڭ... بايا ئۆزۈمنى تۇتالماي، ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم، بايىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى ... سىز ھازىرلا كېتىڭ، ئەمدى ئىككىنچى كەلمەڭ ... مەن، مەن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى ۋە ھېسسىياتىنى كونترول قىلىپ، بۇرچۇمنى ئادا قىلالايمەن. باشقىلار مەن توغرۇلۇق تېتىقسىز پاراڭلارنى قىلسا، بىرىگىمۇ ئىشەنمەڭ.
ۋاسىف زۇۋان سۈرمەي جىم تۇراتتى.
— ئەمدى مەن چىقىپ، ئايال چاكار قازناقتىمۇ — ئەمەسمۇ قاراپ باقىمەن، ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇرسۇن،

سىز قاراپ تۇرۇڭ، قول ئىشارىتى قىلسام، ئۆيدىن چىقىڭ...
زۇلەيبە ئىشىكتىن چىققۇچە كەينىگە ئۆرۈلۈپ:
— سىز مېنى باشقىلاردىن بەكرەك چۈشىنىسىز، مەن بىلەن دوست بولۇڭ...— دېدى.
— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، زۇلەيبە،— دېدى ۋاسىق دۇدۇقلاپ،— سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ھۆرمەتلەيمەن، مەن سىزنىڭ مەڭگۈ سادىق دوستىڭىز.
— ئۇش،— دېدى زۇلەيبە،— ئىشىكنى ئاچىمەن... ئاستا چىقىپ كېتىڭ، ئايال چاكار ئاڭلاپ قالمىسۇن.
نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ۋاسىق مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ، قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن «غىپپىدە» چىقىپ كەتتى.

ۋاسىق مۇشۇ مەنزىرىنى تۇرمىدە پات - پات كۆز ئالدىغا ئەكىلەتتى. دەسلەپتە قاتتىق تەسىرلەندى، ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان زۇلەيبەدىن ئېيتقۇسىز مىننەتدار بولدى. كېيىن ئۇ ئىشلار ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ ئۆتمۈشكە ئايلانغان چاغدا، ئۆز - ئۆزىدىن: «زۇلەيبە نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ نېمىشقا بىر دەمنىڭ ئىچىدە خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان مۇھەببەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ؟... ئۇ نەيرەڭۋازلىق قىلدى. زۇلەيبە چوقۇم سەممىي ئادەم ئەمەس. بېشىنى ياستۇققا چۆمكىگەن چاغدا ئۇ يىغلىغاندەك قىلدى، لېكىن قۇلۇپنىڭ ئىچىدە ئاچقۇچنىڭ پىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدا چىرايىدىكى ياسالما ھاياجاندىن قىلچە ئەسەر قالمىدى... چىرايىدا غايىب بولغان ياكى كونترول قىلىنغان قىزغىنلىقنىڭ ئالامەتلىرى

كۆرۈنمەيتتى. چىرايىدا نە مۇھەببەت ئىپادىسى، تۇرقىدا نە پەرىشانلىق ئالامىتى يوق ئىدى. روھى كۈرەشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئۇ يىغلىمىغان،ھەتتا ھاياجانلانمىغان، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئەنسىرىگەن... دەپ سورايتتى. زۇلەيخە نام ئابرويىنى، خاتىرجەم تۇرمۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلەتتى. ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېرىنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلاتتى.

زۇلەيخەنى ئويۇن ئويناشقا مەجبۇر قىلغان سەۋەبنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ۋاسىفقا ئايدىڭ ئىدى. زۇلەيخە ئۆپچۆرىسىدە دۈشمىنى كۆپ بولغاچقا، ئېرىنىڭ مىراسىغا شېرىك چىقىپ قالارمىكىن، دېگەن ئەندىشىدە، مۆرىتى كەلگەندە ئۆزىنى قوغدىيالىغۇدەك دوستتىن بىرنى تېپىپ، بەدەل تۆلەشتىن قورقماي بالىلىق بولۇش ئۈمىدىدە بولغانمۇ يا؟ نۇرىنىڭ ئاساسى بارمۇ - يوق؟ زۇلەيخە بايا يەڭگىلتەكلىك قىلىپ شۇنداق قىلدىمۇ ياكى چاقچاق قىلىپمۇ؟ ئەكسىچە، ۋاسىفنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋاسىفقا سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچىمۇ؟

بۇنىڭغا كەلگەندە زۇلەيخە ئۇتتى. ۋاسىف زۇلەيخەنىڭ ئۆزىگە سادىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى... شۇنداق، ۋاسىف قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ تالاي - تالاي قېتىم كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئاشۇ كۈننى ئەسلىدى. بۇ خىياللاردىن ھېرىپ زېرىككەن چاغدا تامدىكى داغ ئىزلىرىنى، گۈل چىقىرىپ يەرگە ياتقۇزۇلغان تاشلارنى ساناپ، تۇرمىدە قانچە ئۇزۇن ياتقانلىقىنى، يەنە قانچە ئۇزۇن ياتىدىغانلىقىنى ھېسابلاشقا باشلايتتى.

زۇلەيبە ئۆزىنىڭ ۋاسىفنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىقرار بولغاندىن كېيىن، ئارىدىن نەچچە ھەپتە، نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ۋاسىفقا زۇلەيبە بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە زۇلەيبەنىڭكىگە بارغۇ-دەك يۈرەكمۇ يوق ئىدى. تۇرمۇش ئادەتتىكىدەك — مەكتەپتە، ئۆيدە، دوختۇرخانىدا تىلىقى قاۋاقخانىدا دېگەن-دەك بىر خىلدا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ۋاسىف ئەمدى يېرىم كېچىگىچە بىللە يۈرىدىغان ئەل - ئاغىنىلىرىنى ئىزدىمەيدىغان، پەرىشانلىق ئىلكىدە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، گەپ - سۆزلەرگە ئارىلاشماي ھەمىشە ئۆزى يالغۇز يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ناۋادا ۋاسىف زۇلەيبەنى سېغىنىشتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا نۇرى بۇنداق بىر ئويدىن تېخىمۇ قۇتۇلالمايۋاتاتتى: ئۇنىڭ ئەس - يادى شاكىر تاغىنىڭ مال - دۇنياسىغا ۋارىسلىق قىلىشتا ئىدى. نۇرى شاكىر تاغىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۇسۇپ كىرگەن ئۇ ئايالنى يامان كۆرەتتى. ئۇ ئايال تاغىسىنىڭ مال - دۇنياسىغا نىسبەتەن تەھدىت پەيدا قىلغانىدى. بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى يوقسۇزچىلىقتا ئۆتكۈزگەن نۇرى، راھەت - پاراغەتتە ياشاش ئۇمىدىنى تاغىسىنىڭ مال - دۇنياسىغا باغلىغانىدى. ۋاسىف ئىككىسىنىڭ زۇلەيبەگە ئۇتقان پوزىتسىيىسى بىر - بىرىنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئىككىسى پات - پاتلا تەگىشىپ ۋە جېدەل-لىشىپ قالاتتى. ۋاسىف كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھەزىپى تېشىپ ئۆزىنى تۇتالماي، نۇرىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولۇپ، يامان ئاتاققا قېلىشنى ئويلاپ باققانمىدى؟

ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئوخشاش بولمىغىنى بىلەن،

لېكىن ئىككىسى يەنىلا ئوبدان دوست، ئۇلار بىللە سۇغا چۆمۈلىدۇ، ھەر ئىككىلىسى سۇ ئۈزۈش كۈلۈبىنىڭ ئەزاسى، ھەۋىسىمۇ ئوخشاش ھەم بىر نەچچە مەيخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى مۇشۇنداق گەپ تالىشىۋەرسە، ھامان بىر كۈنى پاجىئەلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، دەپ ھېچكىم ئويلىمايتتى. ئاشۇ كۈنى نۇرى پوكەي ئالدىدا نېمىشقا ئادەمنىڭ جىنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدۇ؟ نۇرى زۇلەيبەنى تىلغا ئېلىپ ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلغاندا، ۋاسىڭ تالاي رەت كۇچالۇك قارشىلىق قىلغانىدى، بۇنداق چاقچاقلارنى توختىتىشنى ئۆتۈنگەنىدى. ئەمما نۇرى بۇنى قېتىغىمۇ ئىلىپ قويمىدى. نۇرى سۆزلىگەنسېرى كۆچەپ كېتەتتى، ھېچنېمىگە قارىمايتتى، بۇ ھال ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنگە قەدەر داۋام قىلدى. شۇ چاغدا نۇرى دارىتىملاشتىن ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەشكە ئۆتكەنىدى.ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەر ناھايىتى رەسۋا ئىدى. نۇرى خالايىقنىڭ ئالدىدا: مەن زۇلەيبەگە تاقابىل تۇرىدىغان بىر چارە ئويلاپ قويدۇم، دەپ پو ئاتتى. ئەسلىدە بۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپ ئىدى. نۇرى زۇلەيبەگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ ئىدى. ئۆچلۇك قىلىشنى قانۇنلۇق، دەپ بىلەتتى. زۇلەيبەنى ئازابلاشقا ئۆزىنى ھوقۇقلۇق، دەپ ھېسابلايتتى.

ۋاسىڭ مەيخانىغا كىرگەندە نۇرى مەيخانىدا ئىدى. نەچچە رومكا ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ تۇراتتى. نۇرى ئادەتتە ئارتۇقراق ئىچسە گېپى تولىراپ، قاتتىق مەست بوپكەتكەن ئادەمدەك ھېسسىياتىنى باسالماي قايناپ كېتەتتى.

نۇرى ئادىتى بويىچە زۇلەيبەنى تىلغا ئېلىپ سۆز-

لەشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. نۇرـ
نىڭ ھاقارەت تۇسىنى ئالغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋاسىفـ
نىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىشى تـۇرغان
گەپ ئىدى. نۇرى مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغانـدا ۋاسىف
ھەمىشە تېرىكىپ كېتەتتى. لېكىن ۋاسىف ئـاخىـر ئۆزىنى
تـۇتۇۋالاتتى، نـۇرىمۇ بېسىقىپ قـالاتتى. ۋاسىق، بولدى،
بولدى، تىنچراق تۇرە، دەيتتى. شۇنىڭ بىلـەن ئىككىلىسى
جىم بولاتتى

بىراق بۇ قېتىم ۋاسىفمۇ ئارتۇقراق ئىچىپ قويغاچقا،
ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، ئۇ پوكەيىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ:
— ئىپلاس ئـاغزىڭنى يـۇم!... سېنىڭ بـۇنـداق
تېتىقسىز پاراڭلىرىڭنى تـولا ئـاڭلاپ تويۇپ كـەتتىم،—
دېدى ئاچچىقىدا.

بۇ ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. جەنۇب تەرەپـ
تىن تىنجىق شامال ئاربلاپ سوقۇپ تۇراتتى. ئـادەمنىڭ
نەپسىنى سىقىدىغان ئۇتتەك قىزىق شامالنىڭ چىقىۋاتقىـ
نىغا ئۈچ كـۈن بـولغانىدى... چىدىغۇسىز، نـەمخۇش بۇ
شامال تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك ئادەمنى قاتتىق
بىئارام قىلاتتى. پوكەينىڭ تـۇۋىدە ئۈچ ئـادەم بولسىمۇ،
مەيخانا تاماكا ئىسىغا تولغانىدى. راكى ھارىقىنىڭ، بىلىـ
قىنىڭ ۋە سامساق بىلەن قورۇلغان چۆجۈقىنىڭ پۇرىقىدىن
تىن تارتقىلى بولمايتتى.

نۇرى بېشىنى كۆتۈرۈپ تەھدىت ئارىلاش:
— ئۇ جالاپنى نېمە دېگۈم كەلسە، شۇنى دەيمەن،
مېنى سەن باشقۇرالمايسەن! — دېدى.
— نۇرى،— دېدى ۋاسىف جان ئـاچچىقىدا ۋارقىـ

راپ،— مەن يول قويمايمەن...
نۇرى سوغۇق كۈلۈپ:
— ئاستىراق، ئاستىراق، ئىنىم، خاپا بولما. ئۇ ئايالنىڭ ھەممە ئىشىنى توغرىلاپ قويدۇم... يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن، ئىرى ئۇنىڭ ئاشنىسىنى ئۆز ئۆيىدە — كارىۋاتتا كۆرىدۇ... سەنمۇ بىلىپ قال، زۇلەيخە بىلەن ئاپاق - چاپاق بولىدىغان ئۇ ئادەمنى. ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم بولىدۇ... ئۇ ئاغىنە ماڭا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئىپ- لاس بىلەن ئاپاق - چاپاق بولىدۇ، ئۆيىگە قانداق بىر پەسكەش نەرسىنى ئەكىرگەنلىكىنى قېرىغا ئوبدان كۆر- سىتىپ قويىمەن.
— ئاغزىڭنى يۇم،— دېدى ۋاسىق.
— ياق، يۇممايمەن...مەن...
نۇرىنىڭ كېيى تۈگە - تۈگىمەستىنلا ۋاسىق ۋارقى- رىغان پېتى بىرىسىپ نۇرىغا ئېتىلدى. ۋاسىقنىڭ تاقىتى چېكىگە يەتكەنىدى.
— ئاغزىڭنى يۇم، ئىپلاس، ئاغزىڭنى يۇم... — دەيتتى ئۇ.
ۋاسىق نۇرىنىڭ يۈزىگە مۇشت ئېتىشقا باشلىدى. نۇرىمۇ ۋاسىقنىڭ ئوڭ كۆزىگە بىر مۇشت سالدى. ۋاسىق- نىڭ جان - ئىمانى چىقىپ كەتتى، غەزىپى تاشتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قولىغا بوتۇلكا چىقىپ قالدى. بۇ ئىشلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەردى. ساجىت پوكەيدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ۋاسىقنى تۇتۇۋالماقچى بولدى، ئەمما كېچىكىپ قالدى...
... ۋاسىق، نۇرىنى مەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم، دەپ

ئويلىدى. ساقچى ئەمەلدارىنىڭ پىكرىمۇ شۇنداق ئىدى. ساقچى ئەمەلدارى ۋاسىفنى مەيخانا ئالدىغا توپلاشقان ئادەملەرنىڭ تىل ـ ھاقارىتى ئاستىدا شۇ رايوندىكى ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ ماڭدى.

— رەزىل...

— قاتىل...

ۋاسىف بايا قىلغان ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى كۆك، چىرايى غەزەپلىك ئىدى. ئىككى ساقچى ئىككى بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ساقچىلارنىڭ بۇنداق ئېھتىيات قىلىشى ئارتۇقچە ئىدى. ۋاسىف قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى. قېچىپ كەتكۈدەك ھەم باشقىچىرەك بىر ئىش قىلغۇدەك ئەلپازى يوق ئىدى.

ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئىشخانىسىدا بىر ئىستاكان ئۇسسۇلۇق سوراپ ئىككى شاپىلاق يېدى. شاپىلاقنىڭ زەربىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدا قىلچە قارشىلىق قىلىش ياكى قىلچە بويسۇنماسلىق، ئازراقمۇ غەزەپلەنگەنلىك ئالامىتى يوق ئىدى. ۋاسىف قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق، يۈرىكىمۇ سېزىمىنى يوقاتقانىدى.

كېيىن ساقچى ئەمەلدارى ئەۋەتكەن ئادەم ئۇنى سوراق قىلدى. ۋاسىفنىڭ ئاۋازى گويا ناھايىتى يىراقتا تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك چىقاتتى. ئۇ نېمىدەپ تەگمىشىپ قالغانلىقىمىزنى ئېسىمگە ئالالمايمەن، دېدى، ھەم زۇلەيبەنىڭ ئىسمىنى چىقارمىدى. زۇلەيبەلى قوغداش ياكى ئۆزىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن

شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك.

ساقچى ئۇنى ئىقرارىغا قول قويدۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىشخانىغا ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن، يىغىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كېتىۋاتقان پاكارغىنە بىر ئايالنى باشلاپ كىردى. ئاپىسىنىڭ يىغلىغىنىنى ۋاسىفنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى مۇشۇ ئىدى. ئاپىسىنىڭ تۇرنى ھەقىقەتەن قورقۇنچلىق ئىدى. ئاپىسى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ياق، ياق، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس...— توختىماي شۇنداق دەيتتى.

ۋاسىف بېشىنى ئېگىپ دۇدۇقلاپ:

— راست، ئاپا، بۇ راست...، — دېدى.

ئاپىسى بىچارە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن، يىغا ئارىلاش ۋارقىراپ:

— ياق، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس،— دېدى.

ئانا - بالا ئىككىسى ئىككىنچى قېتىم سۆلتبان ئەھمەد تۈرمىسىدە، تۈرمە نازارەتچىسىنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈشتى. مۇشۇنچىلىك ئىلتىپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاپىسى جىق پۇل ماڭغانىدى.

ئاقارتىلغان تام تۇسۇقنىڭ ئىچىدە ئاپىسى ۋاسىفنى چىڭ قۇچاقلىدى. بىچارە ئايال چاچلىرى ئاقىرىپ، قېرىپ كەتكەنىدى، ئەمما بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم، كەسكىن كۆرۈنەتتى، ۋاسىف ئاپىسىنىڭ قولىنى تارتىپ سۆيدى، ئاندىن پېشانىسىگە ئاغزىنى تەگكۈزۈپ بوش ئاۋازدا:

— ئاپا، مېنى كەچۈرۈڭ... ناۋادا سىز بىلسىڭىز...— دېدى خورسىنىپ.

— بىلىمەن، بالام... قانچىلىك ئازابلانغانلىقىڭنى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم، — دېدى ئاپىسى ۋاسىفنى چىڭ قۇچاقلاپ ئاستا ئىڭىشتىقان ھالدا.

سولاقتىكى مەزگىلدە ۋاسىف زۇلەيبەنى يەنىلا ئۈمىد ۋە مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كۆردى. ئۇنىڭ نەزەرىدە زۇلەيبە ئايال كىشى ئەمەس، بەلكى نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم قىلىدىغان خۇدا، ھەممە نەرسىنى تەقدىم قىلىۋەتسە ئەرزىيدىغان مەبۇدە ئىدى. ۋاسىف پات - پاتلا ئۆز - ئۆزىگە: «راست، مەن ھاياتىمنى نابۇت قىلدىم، ھاياتتىن ۋاز كەچتىم. زۇلەيبەنى دەپ شۇنداق قىلدىم، ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچتىم» دەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئوي بىلەن تەسەللى تاپتى. بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭغا پاناھگاھ بولدى. ئۇ مەقسەتسىز - مۇرادسىز شۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇناتتى. ئۇنىڭ زۇلەيبەگە بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇنۇشقا ئايلانىدى.

يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى...

بۈگۈن ۋاسىفنىڭ يۈرىكى ئۆلگەنىدى. ھېچقانداق نەرسە ئۇنى تۇرمۇش بىلەن باغلىيالمايتتى. زۇلەيبە غۇۋا كۆلەڭگىلا بولۇپ قالغان، ئاپىسى بولسا ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقانىدى.

## 2

ھاۋا ئىسسىق ئىدى. ئاردىلاپ - ئاردىلاپ چىقىۋاتقان مەيىن شامال ۋاسىفنىڭ قىزىدىپ كەتكەن چېكىسىنى سىيلايتتى. ئۇ ئون ئىككى يىللىق ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، ئەمما نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدىلا كۆرۈش نېسىپ بولغان ئىستانبۇل شەھرىدە كېتىۋاتاتتى. تۈزرەك يولدا مېڭىش ئۈچۈن، ئۇ نەچچە قېتىم تۆت كوچىنىڭ ئاغزىدا توختىدى، دۆڭگە چىقتى، دۆڭدىن چۈشتى. كوچىنىڭ بۇرۇلىدىغان يېرىدە كۆپكۆك دېڭىزغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتى. ئىككى بىنانىڭ ئارىسىدا يېپىيېلىپ ياتقان دېڭىز ئۇپۇققا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ نەزەرىنى كۆۋرۈككە، كۆۋرۈك ئاستىغا يىغىلىپ تۇرۇپ كەتكەن سان - ساناقسىز كاتېر، ساياھەت كېمىسى ۋە قېيىقلارغا ئاغدۇردى. پاراخوتلارنىڭ ماچتىلىرى كۆك بىلەن بوي تالىشىپ تۇراتتى.

ۋاسىف تىكرەك كەلگەن چىغىر يولنىڭ بېشىدا تۇرۇپ يىراقتىن ئاسىيا قىتئەسى① تەرەپتىكى دېڭىز قىرغىقىنى، ھەيۋەتلىك جالاكا ئەھمەد قەبرىستانلىقىدىكى ئارچىلارنى كۆردى. ئۇ جىمجىت، ئاپئاق مەسچىت ھوياسىدا ئايلىنىپ يۈردى. تاش ياتقۇزۇلغان يەردە ئولتۇرۇپ ئاپتاپسىنىدى.

---

① تۈركىيە ياۋروپا بىلەن ئاسىيا قىتئەسىگە جايلاشقان. ئىستانبۇل تۈركىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىدا. ئىستانبۇلدا تۇرۇپ، تۈركىيىنىڭ ئاسىيا قىسمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاپتاپسىنىخىنىغا ئون ئىككى يىل بولغانىدى. ئــۇ
بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىغا، كەپتەرلەرنىڭ «گۈگۈلـ
داش» لىرىغا قۇلاق سالدى. كەپتەرلەر ئۇنىڭ ئــەتراپىدا
بىمالال سەكرىشىپ يۈرۈشتى.
ئۇ هاردى. يالغۇزلۇق ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.
ئۇ ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ يېڭىباشتىن كوچىغا چىقتى.
كوچىدا ئادەملەر قاينايتتى. ئات هارۋىلىرى، ماشىنىلار ۋە
تراموۋايلار ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ تۇرۇشاتتى. ئــالدىراش
كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدا كىبىرلىك ئالامەتلىرى
چىقىپ تۇراتتى. ۋاسىف بۇ خىل قورقۇنچلۇق يالغۇزلۇقتىن
ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يولۇچىلارنىڭ سوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشلىـ
رىگە پەرۋا قىلمايتتى.
ۋاسىف مېھمانخانىغا يېنىپ كەلدى. بۇ مېھمانخانــا
گالاتا① رايونىدا ئىدى. پورت بىلەن كۆۋرۈكمۇ مۇشۇ رايونـ
غــا جايلاشقانىدى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ پۈتۈن پېتى ياتتى.
ئاستىدىكى كىرلىك پــاسكىنا ئىدى. يــوتقانىدىن ئــاچچىق
تەر بىلەن ئېچىخان بىر نەرسىنىڭ ھىدى كېلــەتتى. غۇۋا
يېنىپ تــۇرغان لامپۇچكــا تــورۇستا، ئىسلىشىپ قــارىداپ
كەتكەن توك سىمىنىڭ ئۇچىدا ئېسىقلىق تــۇراتتى. ۋاسىف
پاسكىنا ئۆيدە، تۆت تامنىڭ ئــارىسىدا يــالغۇز يېتىشتىن
قورقتى. بۇ نەرسىلەرنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەننى قىلىپ
كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ ناھايىتى ئاپئاق ھەم ناھايىتى
پاكىز ئۆيدە يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى ئاپىسى سوپۇن ۋە
قىزىق سۇ بىلەن ئۆينى ئىككى كۈندە بىر قېتىم يۇيۇپ
تۇراتتى... ئۇ ئۆيدە ھەممە نەرسە ئــاپئاق ئىدى. كارىـ

① گالاتا — ئىستانبۇلنىڭ ياۋروپا قىسمىغا جايلاشقان شەھەر سىرتى رايونى

ۋاتقا يېيىلغان ئاپئاق كىرلىكتىن ئادىراسمانىنىڭ خۇش بۇي پۇرىقى كېلەتتى. دېرىزە تەكچىسىگە نەچچە تەشتەك گۈل قويۇلغانىدى. مەيىن شامال دېرىزە پەردىلىرىنى لەپىلدەتكەندە، ئۆينى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى قاپلاپ كېتەتتى... ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاپىسى تەمىن ئەتكەن، ھەر قانچە كۆرسىمۇ قانمايدىغان ئاپئاق رەڭنى كۆردى. چىكە چاچلىرى ئاقىرىپ، مېھنەتكەش قوللىرى قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاپىسى يەنىلا شۇنداق ياش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەردىدە بىمەھەل ئۆلۈپ كەتكەن ئاپىسىنى ئەسلىدى. ۋاسىنى ئاپىسىنىڭ ئۇمىدى ھەم قايغۇ - ھەسرىتى ئىدى. بۇ ئانا ھازىر دۇنيادا يوق ئىدى... بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ۋاسىفنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى: ئۇنىڭ بالىلىق ھەم ياشلىق دەۋرىنىڭ بىر قىسمى ئۆتكەن ھېلىقى ئۆي، گەرچە ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ۋاسىف شۇ ئۆينى ئۆز ئۆيۈم، دەپ بىلەتتى. ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆيگە باشقىلار كۆچۈپ كىردى. ۋاسىفنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئادۋوكات ناائىلاج ئۆي بىساتلىرىنى ساتتى. ۋاسىف مەھبۇسلارغا بېرىلىدىغان بىر كىملو بولكىغا قاراپ قالسا تۇرمىدە قىينىلىپ قالغان بولاتتى. ئۆي بىساتلىرى ھېچقانچە پۇلغا يارىمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن خاتىرىلىرىنى قوزغايتتى.

ۋاسىفنىڭ ئەمدى دوستلىرى، ئۇلپەتلىرى ۋە تونۇش-بىلىشلىرى يوق ئىدى، ئۇ ئۇلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقاتتى. زۇلەيبەمۇ يوق، زۇلەيبە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. خۇددى غۇۋا كۆلەڭگۈدەك كۆز

ئالدىدىن غايىب بولغانىدى...

ۋاسىق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ گويا بىر نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا تۇرمە ھويلىسىدا ماڭغاندەك ياتاقتا ئۇيان - بۇيان ماڭدى. توساتتىن توختاپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن قانداق ھالغا چۈشۈپ قالارمەن» دېدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىن پۇل يوق ئىدى، تېخىچە خىزمەت تاپالمىغانىدى. ئۇ پاناھ ئىزدەپ كىمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ؟ خىزمەت تېپىش ئۈچۈن كىملەرگە يالۋۇرىدۇ؟ ئۇنىڭدەك بىر جىنايەتچىنى ياللاپ ئىشلىتىشكە كىم ئۇنايدۇ؟

ۋاسىق تاماكىسىنى كۆلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈپ تاشلاپ ئالدىراش سىرتقا چىقتى.

ئىگىز زامانىۋى قۇرۇلۇشلار بىلەن كۆل رەڭ قەدىمىي بىنالار شەھەردىكى يەتتە تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ كېتەتتى. تۆپىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان سەلتەنەتلىك مەسچىتنىڭ گۈمبىزى، كۆككە بوي سوزغان ئۇچلۇق ۋە ئاپئاق مۇنارى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

بۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ تۇرغان ۋاسىقنىڭ كۆزلىرىدىن غەمكىنلىك ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭغا شەھەر قىستا - قىستاڭ چىلىقتەك تۇيۇلۇپ كەتتى، پىيادىلەر يولىدا ئادەم مىغ - مىغ، تراموۋاي ئىشىكىگە بىر توپ ئادەم ئېسىلىشىپ قالغان، ئۆيلەر ۋە كۆكتۆل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئادەملەر تىقىلىشىپ كەتكەن، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئالدىراش بازارغا كېتىشىۋاتقانىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ۋاسىق غېرىبلىق ھېس قىلاتتى. ئۇنى ھېچكىم تونۇمايتتى، ئىسمىنى ھېچكىم بىلـ

مەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىممۇ سالاملاشمايتتى. ھەتتا مېھمانخانا خوجايىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا سالاملىشىپ قوياتتى. ۋاسىفنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ يېنىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ۋاسىفقا بېرەتتى. ئەمدى ۋاسىفقا كەلسەك، ئۇ باشقىلار بىلەن سالاملىشىشنى خالىمايتتى. نەرسە - كېرەك ياكى بىرەر ئىستاكان قەھۋە ئالغاندا ئىشلىتىدىغان سۆزى بىر نەچچە ئېغىز ناھايىتى ئاددىي سۆزدىن تۈزۈلگەندى. ئۇ: «بۇنداق كېتىۋەرسەم، گەپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن بىرەر قېتىم ئۇزۇنراق سۆزلىشىش ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقىنىمۇ بىلمەيتتى.

ۋاسىفنىڭ مەسخىرىلىك تۇس ئالغان بۇ ئويى ۋەھىمىگە، پەرىشانلىققا ئايلانغانىدى. ئۇ بىر كۈنى كوچىدا بىر يولۇچىدىن سورىمىسىمۇ بولىدىغان بىر گەپنى سوراپ، بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلاشتى. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى چۈشىنەلىدى. ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغانلىقىنى، جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ تەسەللى تاپتى. چۈنكى ئىستانبۇلغا كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭدا، باشقىلار مېنى كۆرمەيدۇ، ئالدىدىن ئۆتسەممۇ ماڭا دىققەت قىلمايدۇ، دېگەن تەسىرات پەيدا بولغانىدى. راست، ئۇ سىرتقى قىياپىتى، جىسمى يوق، پەقەت بىر كۆلەڭگە ئىدى. ياكى تاۋۇتتا ياتقان مۇردا دېسىمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى... ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەبرە تېمىدەك بىر تام بار ئىدى.

— ماۋۇ سىزنىڭ ھېساباتىڭىز، — خوجايىن

شۇنداق دەپ ۋاسىقا ئىككىلىك قەغەزنى بەردى. قەغەزگە رەقەم يېزىلغانىدى.

— بولىدۇ،— دېدى ۋاسىق، شۇ هامان قان يۈزىگە تېپىپ چىقتى. ئۇ قەغەزنى يانچۇقىغا سالدى،— بۇگۈن كەچ سىز بىلەن هېسابات قىلىشىمەن.

خوجايىن مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

— بۇ مېهمانخانىدا ياتقان ئادەم ياتاق پۇلىنى هەر كۈنى تۆلەيدۇ. بىر نەچچە كۈن بولدى، مەن سىزنى دەپ بۇ قائىدىنى بۇزدۇم. ياتاق پۇلىنى تۆلىمىگىنىڭىزگە مانا بۈگۈن تۆت كۈن بولدى،— دېدى.

— سىزگە دەپ قويياي، بۈگۈن كەچ تۆلىۋېتىمەن، هازىر يېنىمدا پۇل يوق.

— ئىشىنىز يۈرۈۋەرسىڭىز، بىر - ئىككى كۈنگىچە سىزدە پۇل بولمايدۇ. سىز يېگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە، يېگىرمە سائەت ئۇخلايدىكەنسىز، بۇنداق قىلسىڭىز پۇل تاپالمايسىز.

ۋاسىق پەلەمپەي بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى. ياتىقىغا كىرىپ كارىۋاتتا يۈزىنى ياستۇققا يېقىپ دۈم ياتتى، چېكىسى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. قىيىنچىلىق توغرۇلۇق ئويلىنىش، ئويلانغان هالەتتىمۇ، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقنى هەل قىلىش چارىسىنى تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۈگۈن كەچ هېساب - كىتاب قىلىشۇەتمىسە بولمايتتى. مېهمانخانىغا چۈشكەن كۈنى خوجايىن ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ: «كۈندىلىك هېساب - كىتاب كۈندە قىلىنىدۇ» دېگەنىدى. ۋاسىقمۇ بۇ شەرتكە كۆنگەنىدى. ئۇ هەر ئاخشىمى كۈندىلىك ياتاق پۇلىنى بېرىۋېتىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتەتتى

تى. بىراق، تۆت كۈن بولدى، ئۇ ياتاق پۇلىنى بېرەلمەي قالدى. كۆڭلىدە مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. تۆت كۈندىن بۇيان تاماقنى ناھايىتى ئاز يەپ، تاماكىمۇ چەكمەي كېلىۋاتاتتى. ئاغزىدىن بىر خىل ئاچچىق تەم كەتمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىشچى قوبۇل قىلىش توغرۇلۇق ئېلان چىقارغان ئورۇنغا يەنە بىر قېتىم دوقۇرۇپ باقايمۇ؟ ئاز - تولا ئىش تېپىپ ئىشلەش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرەيمۇ؟ دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە يېنىش - يېنىش.

ۋاسىف ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن جاسارىتى سۇندى. بىرى ئۇنىڭدىن خىزمەت كىنىشكىسى بىلەن ئەخلاق-پەزىلەت گۇۋاھنامىسى سورىغاندا ئۇ دائىم ئوسال بولۇپ قالاتتى. خىزمەت كىنىشكىسىنى ئۇنى ئاخىرقى قېتىم قايسى ئورۇن ئىشلەتكەن بولسا، شۇ ئورۇن، ئەخلاق - پەزىلەت گۇۋاھنامىسىنى بولسا باش ساقچى ئىدارىسى بېرەتتى. ۋاسىف ئۆمرىدە خىزمەت قىلىپ باقمىغان تۇرسا، ئۇنىڭدا خىزمەت كىنىشكىسى نېمە قىلسۇن؟ ئۇ بىرەرىگە، مەن ئون ئىككى يىل تۈرمىدە ياتقان دېيەلەمدۇ؟ ناۋادا ئۇ بۇ ئىشنى دەپ قويسا، شۇ كىشى ئۇنىڭدىن:

— تۈرمىگە نېمە قىلىپ كىردىڭ؟— دەپ سورايدۇ.

— ئادەم ئۆلتۈرۈپ...

مۇشۇنداق ئىشنى بىرىگە دېگىلى بولامدۇ؟ ۋاسىف ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇۋالسا، شۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئىشىنەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا داشۆنىڭ تىزىملىكىدىن ئاللىقاچان ئۆچۈرۈۋېتىلگەنىدى.

دەرۋەقە، ئۇ بىر پارچە ئەخلاق - پەزىلەت گۇۋاھـ
نامىسىنى تاپقان ھالەتتىمۇ، خىزمەت كىنىشكىسى بولمىسا،
ئۇنى ھېچكىم ئىشقا ئالمايدۇ. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئىسـ
پات يېزىپ بەرسە، ساقچى ئىدارىسى ئاندىن ئۇنىڭغا
ئەخلاق - پەزىلەت گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ
ئەدلىيە تارماقلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپى بۇنىڭغا كېپىلـ
لىك قىلالمايدۇ...

ۋاسىفتا داۋاملىق خىزمەت ئىزدىگۈدەك كۈچ - قۇدـ
رەت قالمىدى، ئۇ بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى.

ۋاسىف ئورنىدىن تۇرۇپ چامادىنىنى ئاچتى. ئىچىدىن
قەغەزگە ئورالغان كۈلرەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى ئالدى،
پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ، مېھمانخانىدىن چىقتى. كۆۋرۈكتىن
ئالدىراش ئۆتۈپ، ئىككى قاسىنقىغا ساپلا دۇكانلار جايـ
لاشقان كوچىغا قاراپ ماڭدى. سودىگەرلەر ئۆتكەن - كەچـ
كەنلەرنى ئەرزان ماللىرىغا قىزىقتۇرۇپ ماللىرىنى كانايـ
لىرى يىرتىلىپ كەتكۈچە ماختىشاتتى. ھاۋا بەك ئىسسىق
ئىدى. ۋاسىف ناھايىتى ئالدىراش كېتىۋاتاتتى، باش -
كۆزىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ ھېرىپ قالغانلىقىنى ھېس
قىلدى. ئۇ تۆپىسى يېپىقلىق قەدىمىي بازارغا بارغاندا
كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان يەرنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن
بەھرىمەن بولدى. بۇ يەرگە كۈن نۇرى چۈشمەيتتى.
ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى ئېگىز ئىدى. يەنە كېلىپ ناھايىتى
ئاز ھەم بەك كىچىك ئىدى. ۋاسىف زىبۇ زىننەت دۇكانـ
لىرى بىلەن زەرگەرخانىلارنىڭ ئالدىدىن تېز ئۆتۈپ
كەتتى. مال ئەۋرىشكىلىرى قويۇلغان جاھازىلارغا قاراپمۇ

قويمىدى. ئەتراپ خىرە بولسىمۇ، لېكىن ئالتۇن ۋە ياقۇت-
لار نۇر چېچىپ، جۇلالىنىپ تۇراتتى.
ۋاسىق بىر كوچىغا كىردى. يەرگە سېلىنغان چىرايلىق
گىلەم توپا - چاڭدا قارىيىپ كەتكىنىگە قارىماي ئادەمگە
مۆجىزىنىڭ خاسىيىتىدىن پەيدا بولغان چارباغنى ئەسلىتەتتى.
ۋاسىق كونا مال بازىرىغا كېلىپ قايسى دۇكانغا
كىرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. چىرايىتاپ - تاتىر-
راڭغۇ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان بىر ئادەم
ۋاسىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يېڭىنى تارتىپ:
— بۇرادەر، بوپاڭدىكى نەرسىنى ماڭا كۆرسەت،
مەن ئالىمەن. نېمە ئۇ؟ پلاشمۇ ياكى مۇراسىم كىيىمىمۇ؟ —
دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئىشتىنى يىرتىق ئىدى. قولتۇق
تەرىپى يامالغان چاپىنىنىڭ كىيگۈچىلىكى قالمىغانىدى.
— نېرى تۇر! — دېدى ۋاسىق، لېكىن ئۇ ئادەم
كەتمىدى.
— مەن ئالىمەن. مېنىڭ دۇكىنىم مۇشۇ يېقىن ئەت-
راپتا، مەن بىلەن ماڭ...
دەل مۇشۇ ئەسنادا ئاپئاق ئىشتان ۋە پۇرلىشىپ
كەتكەن چاپان كىيگەن بىر ئادەم پەيدا بولدى.
— كەينىمدىن ماڭ، — ھېلىقى ئادەم شۇنداق
دەپلا ۋاسىقنىڭ قولىدىن بوپىنى يۇلۇپ ئېلىۋالدى، —
ئۇ ئالمايدۇ، ئۇ دېگەن دەللال... ناۋادا ساتقۇڭ بولسا،
مەن بىلەن ماڭ.
ۋاسىق ئۇلارغا قورقۇپراق قارىدى. ئۇلار جەسەتكە
ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى قارغىغا ئوخشايتتى.
ۋاسىق ھېچنېمىگە قارىماي ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىن

بوپنى ئېلىۋېلىپ:

— يوقىلىش! مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇش! — دېدى.

ۋاسىف يولىنى داۋام قىلدى. ئەسكى - تۇسكى كىيىم - كېچەك، كونا ئاياغلارنىڭ بەدبۇي پۇراقلىرى، ئادەملەرنىڭ تىنىقلىرى ۋە ئىس - تۈتەكنىڭ ئاچچىق دۇتلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەچكە تىن تارتقىلى بولمايتتى.

ۋاسىف كاستيۇم - بۇرۇلكىسىنى سېتىپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى. ۋاسىف بۇ قەدىمىي چار بازارغا يەنە بىر نەچچە قېتىم باردى. كىيىم - كېچەكلىرىنى سېتىپ تۈگەتتى، ئاخىرىدا سائىتىنىمۇ سېتىۋەتتى. بۇ سائەتنى ئاپىسى ئۇنىڭغا ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەندە سوۋغا قىلغانىدى. ئەسلى بۇ سائەتنى بىر ئۆمۈر تاقايمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئازراق پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىش ئۈچۈن سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇ سائىتىنى قولدىن چىقىرىپ قويغىنىغا ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى.

ئۇ سائەتنى بويى پاكار، كۆزەينەك تاقىغان بىر ئادەمگە ساتتى. ئادرېسىنى دەپ بەرگەندە، ئۇ ئادەم ۋاسىفقا گۇمان بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ گۇمانلىق قاراشلىرىدىن «غۇژژىدە» ئاچچىقى كەلگەن ۋاسىف، ئۇ ئادەمنى نەچچە كاچات سىلىۋەتكۈسى كەلدى.

ۋاسىف پۈاى تۈگىمەي تۇرۇپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ بىر نەچچە ئايلىق تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئاچلىق ئازابىنىڭ ھەر قانداق ئازابتىن يامان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۇنىنچى ئاينىڭ بىر كۈنى مېھمانخانى-

ددن چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ چىقىپ كـەتكەن پېتى ئىكـ
كىنچى كەلمىدى.

ئۇنىنچى ئايدا هاۋا يەنىلا ناهايىتى ئىسسىق ئىدى.
ۋاسىي كۈندۈزكى ۋاقتىنى سىرلاي باغچىسىدىكى ئۈزۈن ئورۇنـ
دۇقتا ئۆتكۈزەتتى. سـۇۋادان تېرەكنىڭ يېنىدىكى ئۈزۈن
ئورۇندۇقتا ئۆزىمۇ ئامراق ئىدى. جۈپ - جۈپ ئاشىق -
مەشۇقلار، بالا باققۇچىلار يېتىلەپ يۈرگەن بالىلار ۋە
قېرىلار مۇشۇ سۇۋادان تېرەكنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلـ
مەيتتى. ۋاسىي پەرۋاسىز هالدا كۆپكۆك، تىنىق دېڭىزغا،
يىراق - يىراقلارغا قاراپ تۇراتتى. يىراقتىن سكودالنى①
كۆردى... كۈن ئولتۇرغان چاغدا سكـودالدىكى قەدىمىي
بىنالارنىڭ دېرىزىلىرى شەپەق نۇرىدا چوغدەك قىپقىزىل
كۆرۈنەتتى. ئاسىيا قىتئەسىگە جايلاشقان دېڭىز قىرغىقىـ
دىن تارقالغان بۇنداق يورۇقلۇقنى كۆرگەن ئادەم،
پۈتكۈل شەھەر هەقىقەتەن كۆيۈۋاتقان ئوخشايدۇ،
دېگەن تەسىراتقا كېلىپ قالاتتى. دېڭىز قىرغىقـ
ىدىن قايتقان نۇرغا قاراۋەرسە ئادەمنىڭ كۆزلىرى
قامىشىپ كېتەتتى.

ۋاسىي ئۆزى تۇرغان يەردىن شەھەرنىڭ كۆرۈمسىز
ئامراتلار رايونىغا نەزەر تاشلىدى. گۇگۇم چۈشۈپ كۈن
ئولتۇرۇشنىڭ ئارىلىقىدا بۇ يەر جەننەتتىكىدەك خىيالى
مەنزىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇ دەرۋازا تاقىلىدىغان چاغدىلا
ئاندىن باغدىن چىقىپ، كوچىدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ
يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ۋاسىي ئىستانبۇلدا ئۆي -

---

① سكودال — ئىستانبۇلنىڭ ئاسىيا قىسمىغا جايلاشقان شەھەر ئەتراپى رايونى، فوسفور بوغىزىنىڭ بويىدا — ت.

ماكانسىز قالغانلار يەيدىغان ئازراق نەرسە ئالسىلا، كېچە-نى ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان قەھۋەخانىلارنىڭ بارلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتى.

ۋاسىف مېھمانخانىدىن كەتكەن كۈنى ئاخشىمى شۇنداق قەھۋەخانىدىن بىرنى تاپتى. بۇ قەھۋەخانا پېرا① كوچىسىدىكى بىر تار كوچىغا جايلاشقانىدى.

كەڭ - ئازادە قەھۋەخانىنىڭ ئىچىنى غۇۋا چىراغ نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئورۇندۇقلار تام ياقىلىتىپ نەچچە رەت قويۇلغانىدى. ئوتتۇرىدا بىر نەچچە ئۈستەل، ئۈستەل ئەتراپىدا تۆتتىن ئورۇندۇق بار ئىدى.

قاراشلىرىدىن ھىيلىگەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر مۇلازىم مېھمان كۈتۈۋاتاتتى. ئورۇق كەلگەن خوجايىن ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن قىستى - قىستاڭچىلىقتا تۇرۇپ كەتكەن خېرىدارلارنى كۆزىتەتتى. ۋاسىف مۇۋاپىقىراق بىرەر ئورۇن تېپىپ، خاتىرجەم ئۇخلاش ئۈچۈن بۇ يەركە بالدۇرراق كېلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى.

ۋاسىف بىرىنچى ئاخشىمى بەك قىينالدى. ئۇ بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاشقا ئادەتلەنمىگەنىدى. دېمىسىمۇ ناھايىتى بىئەپ بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورۇنۇپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ چاي ئىچكەچ، سىمىت② يەپ ئولتۇرۇپ، ۋەھىمىلىك ھېسسىياتى بىلەن ئەتراپىدىكى موھتاجلىق ئازابىدا قىينالغان بىچارىلەردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. ئۇلار مەينەت ئىدى، چاچلىرى پاخپايغان، كىيىملىرى يىرتىق، يالىڭاياغ دېگۈدەك ھالدا ئىدى. ئەلپازىدىن

① پېرا — ئىستانبۇل شەھەر ئەتراپى رايونى، ياۋروپالىقلار ئولتۇراقلاشقان — ت.
② سىمىت — بىر خىل يېمەكلىك.

ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىيىملىرى جۇل - جۇل بوپكەتكەن مومايلار، بىر قارىسا سەرگەر-دانلارغا، يەنە بىر قارىسا پاھىشىلەرگە ئوخشايدىغان قىزلارمۇ بار ئىدى. ئۇ قىزلار غەلىتە پەرداز قىلىشقان، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىق، ئېچىنىشلىق ھەم بىچارە ھالەتتە ئىدى. ھەممە ئادەم ھارغىنلىق ئازابىدىن ۋە ھاراقنىڭ كەيپىدىن ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغانىدى.

نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق مەنزىرە - ھە، بۇ!

ۋاسىق شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر ئاخشىمى قەھۋەخانىغا ھېرىپ - ئېچىپ ئارانلا كېلەتتى. چۈنكى شەھەردە ئۇياقتىن - بۇياققا تولا مېڭىپ ھالىدىن كېتەتتى.

بۇ يىل ئونىنچى ئاي جۇدۇنسىز ئۆتۈپ كەتتى، ئون بىرىنچى ئاي كىرىشى بىلەن يامغۇر يېغىشقا باش-لىدى. مۇزدەك سىم - سىم يامغۇرنىڭ ئۇستىخان - ئۇس-تىخانغا ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئادەم تۇيماي قالاتتى. يامغۇر ئەتىدىن - كەچكىچە توختىماي سىمىلداپ ياغاتتى. قارا دېڭىز تەرەپتىن كەلگەن سوغۇق شامال ئادەمنى ھەردەك چاقاتتى.

مەيلى نېمە بولسۇن، ۋاسىق ئۆزىگە بىرەر ماكان تاپمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كۈندۈزى قەھۋەخانىغا كىرگۈدەك پۇلمۇ قالمىغانىدى. ئۇ دەسلەپ سوغۇقتىن قېچىپ كۆۋرۈك ئاستىدا، پىرىستانىنىڭ پاراخوت كۈتۈش ئۆيىدە، پوچتا باش ئىدارىسىنىڭ زالىدا بىر نەچچە سائەت يۈرەتتى. ئاخىر سىركىت ۋوگزالىنىڭ پويىز كۈتۈش ئۆيىگە بېرىۋالاتتى.

بۇ يەرلەردە ئاچ - يالىڭاچ يۈرگەنلەر يالغۇز ۋاسىفلا ئەمەس ئىدى. بۇ يەرلەرنى ۋاسىفتىن باشقا نۇرغۇن ئادەملەر ماكان قىلىۋالغانىدى. ئۇلارنى بەزىدە كىرگۈزمەي قوياتتى، كىرگۈزگەن ھالەتتىمۇ، كەچكىچە ئولتۇرسا دەرھال قوغلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەرنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى بولاتتى.

شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى پاكار بوۋاي، پوچتا باش ئىدارىسىنىڭ زالىدا، پارنىڭ تۈۋىدە ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ، ھاياجان بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ گەپ قىلىپ، تاماكا چېكىشىپ نەچچە - نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

ئالتۇن بۇرجەك پىرىستانىدا، بىر پۇتى كېسىۋېتىلگەن، ئالتۇن چاچلىق بىر ياش، يامغۇر ياغقاندا پاراخوت كۈتۈش ئۆيىدە، ئاپتاپ چىققاندا سىرتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇ ئاز - تولا ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغانىدى: ئۇ ياش شۇ يەردە ئولتۇرۇش ئۈچۈن پىرىستاندىكىلەرنىڭ رۇخسىتىگە، شۇنداقلا ئېتىبار بېرىشىگىمۇ ئېرىشكەنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا بىرەر تال تاماكا، بىرەر ئىستاكان قەھۋە بېرەتتى. مۇلازىملار بوش ۋاقتى بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى.

سىركىت ۋوكزالىدا دائىم مەست يۈرۈيدىغان بىر قىز بار ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئۆڭۈپ كەتكەن ماش رەڭ پەلتو كىيگەن، يۈز - كۆزىدىن ئۇپا - ئەڭلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قىز ئىدى. ئۇ ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچىلاردىن پۇل سورايتتى. ھاراقتا تۇشاۋۇق پۇل يىغىلغان بولسا، ۋوكزال ئاشخانىسىغا كىرىپ بىر رومكا راكى ھارىقى ئىچىپ

چىقىپ، يەنە پۇل سورايتتى. ئەرلەرنى كۆرسە، يەيدىغان نەرسە ياكى بىرەر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ بېرەرمىكىن، دەپ كەينىدىن ماڭاتتى. مەست بولۇپ جاڭجال قىلسا، كىشىلەر ئۇنى پويىز كۇتۇش ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىراتتى. بولمىسا، گەپكە تۇتۇپ كوالدۇرلىتىپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشاتتى.

ۋاسىق قارا كەپكە كىيگەن ياش بىر قىزنى پات ـ پات كۆرۈپ قالاتتى. ئۇ قىز ناھايىتى پاكىز كىيىنەتتى، قول سومكىسىنى تىزىغا قويۇپ كادى ـ كىئاي پىرىستان ـ نىڭ پاراخوت كۇتۇش ئۆيىدە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالاتتى. يۇرۇش ـ تۇرۇشى، پاكىز كىيىنىشلىرى باشقىلارغا ئوخشىمىغىنىنى بىلەن ئۇمۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى، ھەرگىز پاراخوتقا چىقمايتتى. كەچتە، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان چاغدىلا، ئاندىن سەل دۇمچەيگەن پېتى شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك تاتىراڭغۇ ئىدىكى، دائىم ئاي ـ نىڭ نۇرىدا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى ...

مەيلى كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرگەن ئادەملەر بولسۇن، مەيلى كۆۋرۈك ئاستىدا ياكى ئوت ئاپتىدىن كېيىن قايتا ياسىلىۋاتقان، تېخى پۈتمىگەن بىنالارنى ماكان قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھەر قان ـ داق ئادەم تېپىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمدىلا چۈش ـ كۈنلىشىشكە قاراپ ماڭغان، بەزىلىرى بولسا چۈشكۈنلىشىپ قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالەتكە بېرىپ قالغانىدى. ۋاسىق ئۆز ـ ئۆزىگە: «ياق، مەن بۇنداق تۇرمۇشقا چىدىمايمەن، بۇنىڭدىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى» دەيتتى،

لېكىن يەنە ئۆلۈمدىن قورقاتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان بۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى. ئەمما پۇتى پاتقاققا پېتىپ قالغاندەك، تارتىپ چىقىرىشقا ئورۇنغانسېرى تېخىمۇ بەكرەك پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

كۈندۈزى كۈننى، ئاخشىمى يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولمايدىغان كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ۋاسىف ناھايىتى ئېغىر موھتاجلىقتا قالدى. پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ تۈگەتتى، مادارى قۇرىدى. كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەن دەرىجىلىك قەھۋەخانىلارغا كىرگەندە ئىشلىتىدىغان پارچە - پۇرات پۇللىرىمۇ تېخى يېقىندا تۈگىگەنىدى. ئۇ كۈندۈزى ئاچ قورساق دېگۈدەك يۈرەتتى. كەچتە بىر پارچە سىمىت يەيتتى. ئاچ - توق يۈرۈش، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرۇپ مۇزلاپ، تۇرۇپ ئىسسىش ئۇنى بەك ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، ئەتىدىن - كەچكىچە ئەلەك - سەلەك يۈرەتتى.

گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئورۇن قالمىدى، ۋاسىف ئاشۇ قەلەندەرلەرنىڭ سېپىگە قېتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ قەلەندەرلەرنى تونۇيتتى. ۋاسىفقا ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تونۇشلۇق بوپكەتكەنىدى. باشقىلارغا ئاسان ئارىلاشمايدىغان بولغاچقا، ۋاسىفنى ھاكاۋۇر كۆرۈپ، ئۇنىڭغا «ئالىيلىرى» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى.

يامغۇر نەچچە ھەپتىدىن بېرى توختىماي يېغىۋاتاتتى. ۋاسىفنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ، پۇتلىرى مۇزلاپ كەتكەن، يۈزلىرىنى ساقال باسقان ۋاسىفقا ئۈچە-

سىدىكى چاپىنىمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ۋاسىف بىر كۈتۈش ئۆيىدىن يەنە بىر كۈتۈش ئۆيىگە باراتتى. كۆۋرۈك ئاستىغا قۇرۇلغان ھەر بىر پىرىستاندا كېيىملىرىنى قۇرۇتۇشقا ئۇرۇناتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يوقسۇز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئاشۇ سەرگەردانلارغا يىرگىنىش بىلەن قارىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىدىن، ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ دەپ سورىغانلىقىنى ئويلىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ ئۆزى باشنى قايدۇرۇۋېتىدىغان سۈرئەتتە ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى ... ئۇنى بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسە قۇتۇلدۇرالمايتتى. ئەتراپىدا ئۇ تۇتۇۋالغۇدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. بىردىنبىر رېئاللىق نامراتلىق ئىدى. ئۇ مۇشۇ تۈۋسىز نامراتلىق ھېڭىغا غەرق بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

كىشىگە تولىمۇ ئازابلىق تۇيۇلىدىغان كېچىلەرنىڭ بىرىدە ۋاسىف بىر كونا قەھۋەخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا، قەھۋەخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى، سېرىق چاچلىق بىر موماي كىرىپ، ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. باشقىلار بۇ مومايىنى «پادىشاھ» دەپ ئاتايتتى.

ئۇ ئۇچىسىغا جۇل - جۇل بوپكەتكەن جۇۋا، بېشىغا قۇلاقچا كىيگەن، قۇلاقچىسىغا كۈلكىلىك قىلىپ پەي قادىۋالغان، بوينىغا زەنجىر ئاسقان، بىلىكىگە بىلەزۈك، ھەممە بارمىقىغا ئۈزۈك سالغانىدى.

خېلى كەچ بولۇپ قالغان، خېرىدارلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى بىلەن غەزەپلىك تىل ـ ھاقارەتلىرى يېڭىلا پېسىققان چاغ ئىدى. موماي ئۈنلۈك گەپ قىلىپ، ئورۇن دۇقلارغا ئۈرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئولتۇرغانلارنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىگە ئورۇن ئىزلەۋاتاتتى. ئاخىر ۋاسىفنىڭ ئۇدۇلىدىن مۇۋاپىق ئورۇن تاپتى. موماي ئولتۇرۇۋېتىپ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ۋوي! ئەسلىدە بۇ «ئالىيالىرى» نىڭ ئۇستىلىكەنغۇ! ۋاي، ئىست! — دېدى.

ۋاسىف ئۇنىڭ قەھۋەخانىغا تاڭ سەھەردە ھەمىشە يالغۇز كىرىدىغانلىقىنى پات ـ پات كۆرۈپ قالاتتى.

— ساڭا مالاللىق يەتكۈزۈپ قويمىغاندىمەن! — دېدى موماي.

— ئازراقمۇ مالاللىق يەتكۈزمىدىڭىز، — دېدى ۋاسىف كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە.

— سەن كۆڭلۈڭدىكى گەپنى قىلمىغاندەك قىلىسەن.

— ئەمىسە سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

موماي مىيىقىدا كۈلۈپ:

— يارايسەن ... بۈگۈن ئاخشام يارايسەن، مەن ھەر ھالدا گەپ قىلغىنىڭنى كۆردۈم. قوشنىلىرىڭغا سىپايىسراق بول بالام، بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاشلارغا. چۈنكى، مەن پارچە ـ پۇرات ئادەم ئەمەس، مەن پاشانىڭ قىزى ... ھازىر يوقىلىپ كەتكەن ھەقىقىي پاشانىڭ قىزى، — دېدى موماي ۋاسىفقا قاراپ بېشىنى چايقاپ، — تۇرقۇڭدىن پاشانىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغاندەك قىلىسەن، بىچارە

بالام ... لېكىن، پاشالار، بۇرۇن ئۆتكەن ...

ۋاسىي كۆزلىرىنى يۇمۇپ موماينىڭ سۆزلىرىنى سەۋىر-سىزلىك بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. گېپى ۋاسىغنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن موماي توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا گەپ قىلىشقا موھتاج ئىدى.

— راست، مېنىڭ دادام پاشا ئىدى، بىر مەلىكىنىڭ ئېرى ئىدى، بىلەمسەن؟ — موماي ۋاسىغنىڭ بىلىكىنى تارتىپ تۇرۇپ دېدى، — بىلەمسەن؟

— قويۇۋەت! — دېدى ۋاسىي، — بۇ ئىشلار بىلەن چاتىقىم يوق!

— ماڭا ئىشەنمەيسەن، ھە؟ ئەمىسە مەن ساڭا پۈتۈن ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرەي. ئابىت ئىرخە-مىد ئىسىملىك بىر سۇلتان بولغان ... لېكىن سەن بۇ ئىشلارنى بىلمەيسەن ... بۇ سۇلتان قىزىنى قىزى خال-مايدىغان بىرىگە ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. توي بولغان ئاخشىمى سۇلتاننىڭ قىزى دادىسىنىڭ قارارىغا قارشى چىقىپ، ئەڭ چىرايلىق چۆرىلىرىدىن بىر نەچچىنى تاللاپ، قايىنسىنى ياقتۇرساڭ، شۇنى تاللىۋال، دېگەننى قىلىپ، ئېرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. دادام ھاقارەتكە ھاقارەت بىلەن جاۋاب بېرىپ، شۇ چۆرىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاپامنى تاللىۋاپتۇ.

موماي مۇرىسىنى قىسىپ، ئاچچىق كۈلۈپ قويىدى ۋە:

— لېكىن ئەتىسى ئاپام ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرى-لىپ، سۇلتاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن كاتتا بىر پاشانىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ. مەن مۇشۇ پاشانىڭ سارىيىدا تۇغۇلغان-كەنمەن. كېيىن ئۇ پاشا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاپام ئىككىمىز

مەلىكىدىن دەپەقە پۇلى ئېلىپ، تا خان جەمەتى ئوردىدىن قوغلانغۇچە، فوسفور بوغىزىنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئۆيدە تۇردۇق ... كېيىن ... كېيىن ... مېنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى بىلەمسەن ...
موماي كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە:
— سەن مېنىڭ پاشانىڭ قىزى ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەمسەن؟ — دېدى. ئاندىن ئۇ يالغاندىن يىغلاپ، — پاشانىڭ قىزى ئىكەنلىكىمگە ھېچكىم ...
ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچالمىغان بىرى مومايغا ۋارقىرىدى:
— ئاغزىڭنى يۇم! بىزنى ئارامخۇدا ئۇخلىغىلى قوي!
موماي ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماستىن سۆزلەۋەردى، ئۇ ۋاسفقا:
— نېمىشقا مەندىن، پاشانىڭ قىزى تۇرۇپ بۇ يەردە نېمە ئىزدەپ يۈرۈيسىز، دەپ سورىمايسەن؟ ... يالغۇزلۇق مېنى مۇشۇنداق نامراتلىق گىردابىغا باشلاپ كەلدى ... موماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ دۇدۇقلاپ، — راست ... راست ... يالغۇزلۇق ... — دېدى تەكىتلەپ.
موماي ئۇندىمەستىن ۋاسفقا بىر ھازا قاراپ:
— سەن بۇ دۇنيادا يالغۇزلۇقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ يالغۇزلۇق دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.
ۋاسف ئىختىيارسىز يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.
مومايىنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەر بىردىنلا ئۆزگىرىپ، جا ياقۇت كۆزلۈك ئۇزۇكلەر پارقىراپ تۇرغان قولىنى ۋاسفقا سۇنۇپ:

— بىچارە ئوغلۇم! — دېدى.

كىشلەر تەرىپىدىن ئەقىلسىز، ھېسسىياتسىز، دەپ قارىلىپ كەلگەن بۇ موماي تەبەسسۇمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. ۋاسىفنىڭ ئازابىنى شۇ مومايلا قىياس قىلدى ۋە ئۆز خەيرخاھلىقىنى بىلدۈردى. ۋاسىف چۈشكۈنلەشىپ كەتكەندىن بۇيان، بىرىنىڭ قول سۇنۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشى مۇشۇ ئىدى. ۋاسىف ناتونۇش بىر ئايال بىلەن ئۆزىنى بىرلەشتۈرۈپ قويغان بۇنداق مۇناسىۋەتنى، بۇنداق مۇناسىۋەتنى نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى قورقۇنچ بىلەن ھېس قىلدى. «ياق، مەن خالىمەيمەن، ئۇنىڭدەك بولۇپ قالغۇم يوق. مەن بۇ پالاكەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ۋاسىف قولىنى تارتىۋېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئۇ پوكەي ئالدىغا بېرىپ پۇلنى تاپشۇرۇۋېتىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. خوجايىن:

— تالادا يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتىدۇ ... مۇشۇ يەردە قېلىڭ. مەن ئاۋۇ ساراڭ قېرىنى چىقىرىۋېتىمەن. ئۇ ھەممە ئادەمنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. يا بىرەر ئىستاكان چاي ئىچمەيدۇ، — دېدى.

ۋاسىف خوجايىننىڭ ئالدىغا تەڭگىدىن نەچچىنى تاشلاپ:

— ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي بېرىڭ. پۇلنى مەن تۆلىۋەتتىم ... ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش مۇشۇ يەردە قالسۇن، — دېدى.

خوجايىن مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

— بۇنداقلارغا خەيرخاھلىق قىلماسلىق كېرەك.

گۇ ئۆزىنىڭ ئازغىنە مال ـ دۇنياسىنى ھاراق ئىچىپ تۈگىتىۋەتتى. ھاراق ئىچىدىغان پۇلى بار، لېكىن چاي ئىچىدىغان پۇلى يوق ... — دېدى.

— ئۇنى ئۆز ئارامىدا قويۇڭ، — دېدى ۋاسىف.

ۋاسىف كوچىغا چىقىپ يامغۇردا دۈگدىيىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان، ئۆزى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئىشلارنىڭ قاباھەتلىك چۈش ياكى چۈش ئەمەسلىكىنى ھەقىقەتەن بىلمەيتتى. بەتبەشىرە ئوبرازلار، نامرات ۋە سارالڭ قېتىش ئادەملەر، پاشانىڭ قىزىمەن، دەپ، مەستلىكىدىن يېپشىلگەندە ئۆزىگە كەچۈرۈم سورىغانىدەك مۇلايىم قارىغان ھېلىقى مەست ئايال، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي دۇنياغا، رېئال دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى.

ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىدى. يامغۇر ئەتىگەندىن باشلاپلا يېغىۋاتاتتى. ۋاسىف يامغۇردا بىردەم ئايلىنىپ يۈرۈپ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭمۇ كوچىدا ئايلىنىپ يۈرگۈدەك ھالى قالمىدى. ئۇ پوچتا باشقارمىسىنىڭ زالىغا كىردى. ھېلىقى ئىككى قېرى ئادەتتىكىدەك پارنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

ئۇ ئىككىسى تىرىك ئادەمگە ئەمەس، ئەرۋاھلارغىلا ئوخشايتتى.

بىرى ياقىسىغا كەڭ ياقىلىق تۈتۈلغان مودىدىن قالغان كالتە چاپان كىيگەن، چىشلىرى چوڭ، بۇرنى ئۇزۇن، بۇرۇن تۆشۈكلىرى يوغان ئېچىلغان، يۈزى تۆرۈك، تۇرقى بەئەينى ئاتقا ئوخشايدىغان ئادەم ئىدى؛ يەنە بىرى ساقاللىرى ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق، قاڭشارلىق كەلگەن

ئادەم ئىدى. جەينەك، مۇرە ۋە بىلەكلىرى تۇيۇقسىز مەدىرلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئادەمگە ھاجىۋانى ئەسلىتەتتى (ھاجىۋا قورچاق تىياتىرىدىكى ئاتاقلىق شەخس، كىشىلەر ئۇنى كارتون قەغەز ياكى كۆنىدىن ياسايدۇ، ياكى سىزىدۇ). بەدەن ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى كۆزگە كۆرۈنمەي يىپ بىلەن باشقۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ قول ھەرىكىتىگە بويسۇنغاندەك قىلاتتى. ئۇ سۆزلىگەندىمۇ ھاجىۋانىڭ تىلىدا سۆزلەيتتى. بۇ ناھايىتى پاساھەتلىك، مېغىزلىق، ئەمما ئىستېمالدىن قالغان، ھېچكىم ئىشلەتمەيدىغان تىل ئىدى.

ۋاسىنى پوچتا باش ئىدارىسىنىڭ زالىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. چۈنكى زالدا مۇشۇ پارنىڭ قېشىغىلا يېقىن بارغىلى بولغاچقا، ئۇ ئىككى قېرىمۇ مۇشۇ پارنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. كۆزلىرى ئاتىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان ھېلىقى ئادەم غەمكىن تەلەپپۇزدا ئاۋازىنى سوزۇپ گەپ قىلىۋاتاتتى. ۋاسىنى شۇ ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالغانلىقتىن نائىلاج گېپىگە قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولدى. ۋاسىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىشىمۇ يوق ئىدى. ھېلىقى ئادەم:

— شۇ چاغدا ئىسپانىيىنى پادىشاھ ئارفېنىس① سورايتتى. ئۇ بىر فرانسۇز ئايالنى② ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ناھايىتى سەتەك، شۇنداقلا ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئايال ئىدى ... ئۇ سەھنىدە ئۇسسۇل ئوينىسا، ئايال ئىلاھقا ئوخشاپ قالاتتى. مەن ئۇنى پارىژدا بىر قېتىم كۆرگەن. كېيىن، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ

① بۇ يەردە ئارفېنىس سەككىزىنچىنى دەۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇ 1902 - يىلدىن 1931 - يىلغىچە ئىسپانىيىنى سورىغان — ت.

② بۇ يەردە ۋىكتورىيە يېۋنىيەنى دەۋاتقان بولسا كېرەك. 1906 - يىلى پادىشاھ ئارفېنىس ئۇنى سەككىزىنچى خوتۇنلۇققا ئالغان.

مونتې ـ كارلودا① بىر قېتىم كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى قىمارخانىغا بېرىپ مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى. مال ـ دۇنياسى ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن، مەنمۇ بارلىق مال ـ دۇنيارىمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم ... لېكىن مېنىڭ ئازغىنا مال ـ دۇنيارىمنى ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى بىلەن قانداقمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن!

يەنە بىرى سوغۇق قىياپەتتە:

— ئايال ئىلاھ! — دېدى بوشلا.

— توغرا ... توغرا .. خانىۋەيران بوپكەتتىم ... بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇزۇن يىل بولدى ... ھازىر ناۋادا ئازراق پۇلۇم بولسا، يول كىراسىغا ۋە بىر نەچچە قۇر ئېسىل كىيىمگە يەتكۇدەك پۇل بولسا، يانچۇقتا مىڭ دوللارلىق پۇلدىن ئون نەچچىنى سېلىپ بارسام، ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىرىمنىڭ بىرىنى قويماي ئۇتۇۋالغان بولاتتىم ... ئاھ! راست ... ئۇتۇۋالغان بولاتتىم، چوقۇم ئۇتۇۋالاتتىم. چۈنكى، قارا، مەندە بىر خىل ھۈنەر بار، بۇ ھۈنەر بىلەن ھەرگىز ئۇتتۇرۇپ قويمايمەن ...

يەنە بىرى ھەمراھىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، دىمىقىدا خىرقىراپ:

— ئايال ئىلاھ، بۇ راست. بەزى ئاياللار بار، كىشىلەر ئۇنى باشقا بىر نېمە دېمەيدۇ ... يورفېي ئايال ئىلاھلارنىڭ ئىچىدىكى ئايال ئىلاھ ... ئۇ گۈزەللىك بابىدا تەڭدىشى يوق، ئىستىداتتا يېگانە ئايال ... ئۇنىڭغا ئۆزىنى تەڭلەشتۈرىدىغان ئايال مەڭگۈ چىقمايدۇ. پۈتۈن

① مونتې ـ كارلو — ياۋروپا موناكودىكى بىر شەھەر، دۇنيادىكى مەشھۇر قىمارخانا — ت.

ئىقلىمدا ئۇنىڭدەك ئىككىنچى بىر ئايال يوق ... باشقىلار ئۇنى پادىشاھ دەيدۇ. ئۇ چىجاتەي باسىيودىكى بىر ھەشەمەتلىك داچىدا تۇرىدۇ. شۇڭا باشقىلار ئاشۇنداق بىر ئايالنى پادىشاھ دەيدۇ. مەن ھازىر كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق مەلۇماتلىق، ئاشۇنداق تەربىيە كۆرگەن ۋە تالانتلىق مەشھۇر ئايال شائىرنى ھەم ئاجايىپ ئايال مۇزىكانتنى نېمىشقا مۇشۇنداق ھاقارەتلەيدىغانلىقىنى بىلمىدىم. شۇ چاغلاردا ئەنئەنىۋى كۇچلەر ئۇنى تۆت تامنىڭ ئارىسىدا ياشاشقا بەند قىلىپ قويغان. مۇشۇنداق بىر ئايال بۇنىڭغا قانداق چىدىغاندۇ؟ ئۇ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشكە، تۇرمۇشقا ئارىلىشىشقا، مەلۇماتلىق ئادەملەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقا موھتاج ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەل قىلىشقا، مەدھىيىگە ئېرىشىشكە موھتاج ئىدى ... بۇ ئۇنىڭ ھوقۇقى ئىدى ... سىياسىئونلار، ۋەزىرلەر، مىنىستىرلار، ئەدىبلەر، رەسساملار، مۇزىكانتلار، كاتتا ئەرباپلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىشاتتى. راست، ئۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىچىدىن تاللىنىپ چىققان ئايال ئىلاھ ... يەنە كېلىپ كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلە ئايالى ... ئۇنىڭ ئوچۇقلۇقىنى، ئەقىللىكلىكىنى قانداق تەسۋىرلەش كېرەك؟ باشقىلار بىلەن قىلىشقان ھەر قانداق گېپى قارشى تەرەپنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايتتى. ھە، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ مەشھۇر ئايال. ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنى كۆرەلمەي پادىشاھ دېگەن، — دېدى.

ۋاسىف يەنە بىرىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ھەيران بولۇپ ئاڭلاۋاتاتتى.

— ھەي! ئۆتمۈشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن! قەدىمي

دەۋرلەرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتسەن! ئاھ، ئاجايىپ دەۋرلەر ئىدى ئۇ ... شۇ چاغلاردا كىشىلەر قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ دەردىگە يېتەتتى. ھازىر كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن كارى يوق. مەن يىگىمباشتىن بىيىپ ... دەۋادا بىر دودا ئۇتتۇۋالسام، بىھېساب مال - دۇنيارىمنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان بولاتتىم ... دەۋا قىلغۇدەك پۇلۇم يوق، ماڭا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ ھەم پۇل بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم يوق، بۇ ناھايىتى ئوبدان سودا ئىدى. مال - دۇنيارىمنىڭ يېرىمىنى شۇنىڭغا بېرەتتىم.

بىرىنچى بوۋاي جاۋابەن سۆزلەۋاتقاندا ۋاسىفنىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

— بىر دودا ئۇتتۇۋالسام!! ... ماڭا دەۋانىڭ گېپىنى قىلما! ... ئىلگىرى، بىرەرىنى جازالىسا، دەۋا قىلغان بىلەنمۇ ئاقمايتتى. قارىغاندا بۇنىڭغا يول قويۇلمىسا كېرەك. لېكىن پاكىت شۇنداق. ناۋادا ھازىرقى دەۋردە، يورفىپى پاھشە بوپكەتسە، بۇنى ئاياللارنىڭ ئەركىنلىككە قىلغان قارشىلىقى دېگەن تۇزۇك. ئۇ ئايال بىر تەرەپلىمىلىككە قارشى كۈرەش قىلدى. ئۇ ئۆچ - ئاداۋەتىنى كۆزگە ئىلمايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندا، ئۇ فونىما پاشانىڭ ئاشنىسى ئىكەن. فونىما پاشا بولسا مۇستەبىت، زالىم سۇلتان ئابىت ئىرخەممەدنىڭ قولىدا مىرشاپ باشلىقى ئىكەن. مەن يورفىينى بىرىنچى قېتىم تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ ھارۋىدىن پەلەي كىيگەن قوللىرى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىنى تۇتۇپ چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق ئاياغ كىيگەن نازۇك پۇتى

لىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئايدەك رۇخسارىنى توسۇپ تۇر-
غان قىلىن «چۇمبەل»نى تۈزەشتۈرگەندە، مەن ھەقىقەتەن
ئەس - ھوشۇمدىن ئايرىلغانىدىم. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ
گۈزەل جامالىنى كۆرۈش شەرىپىگە ئىگە قىلدى. بېشىم
كۆككە يەتكەندەك بولدى، يەنە كېلىپ ئۇ تاتلىق كۈلۈم-
سىرەپ جاسارىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. كېيىن بىنانىڭ
ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ ئەتراپىدىكى رېشاتكىنىڭ كەينىگە
ئۆتۈپ غايىب بولدى. مەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋېلىپ،
ئۇنىڭ ئاتاقلىق يورفىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئويلىنىپ
تۇرماستىن ئۇنىڭكىگە چاپتىم.

بىرىنچىسى تېخىچىلا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتاتتى.
ۋاسىل ئىككىنچىسىنىڭ يەنە گەپ باشلاپ:

— راست ... راست ... ئاجايىپ ئېسىل چاغلار
ئىدى. جاساف①، چۇمبەل ئاياللارنى شۇ قەدەر سىرلىق
ھەم شۇ قەدەر جەزىبىلىك قىلىۋېتەتتى. مەن ساڭا دەپ
بەرگەن، بەي②، بىزنىڭ ئەلدىلا ئەمەس، ئاياللار چۇم-
بەل تارتمايدىغان ياۋروپادىمۇ كىشىلەر يەنىلا ھازىرقى
زامان ئاياللىرىدىن بەكرەك بۇرۇنقى زامان ئاياللىرىنى
ئەسلەيدۇ، سېغىنىدۇ ... مەن بىر قېتىم ۋېينادا
خانىشنى كۆرگەن ... — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

— خانىش، — دېدى يەنە بىرى، — يورفىي خا-
نىش، ھەقىقىي خانىش. ئۇ مېنى خانىشلاردەك كۈتۈۋالغان.
مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدىم. مۇلا-

① جاساف — تۈركىيىدە قەدىمي زاماندا شەھەرلىكلەر كىيىدىغان كىيىم — ت.

② بەي — تۈركىيىدە كىشىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى ھۆرمەتلەپ
ھۇنداق ئاتايدۇ — ت.

زىم مېنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. يۇرفىينىڭ ھوجـ
رىسىغا كىرگۈچە بىر نەچچە مىنۇت ساقلاپ تۇردۇم. خۇدـ
دى پادىشاھ ئوردىسىدىكىگە ئوخشاش يېنىمدا بىر ئاغۋات
ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى.

— پادىشاھ ئوردىسى! — دەپ توۋلىدى يەنە بىر بوۋاي.

سۆزلەۋاتقان بوۋاي بۇ بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى،
ئۇ زوق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— يۇرفىي مېنى چاققانغىنە كەلگەن ھال رەڭ
مېھمانخانىدا كۈتۈۋالدى. ئۇ كېچىلىك ئاق كىيىم
كىيگەن ... چاچلىرىنى قويۇۋەتكەنىدى. ئىككىمىز
تۈرلۈك ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق. ئۇ ھەممىنى
بىلىدىكەن. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن
كېيىن، ئۇ چاۋاك چېلىشىدى، تۆت قىز — بىر - بىرىـ
دىن چىرايلىق تۆت قىز كىردى. ئۇلار داستىخان راسلاپ
بىزنى ئەدەب بىلەن كۈتۈپ چىقىپ كەتتى. ئىككىمىز يالـ
غۇز قالدۇق ... ئىككىمىز، يۇرفىي بىلەن ئىككىمىز ...
ئۇ قولىغا چىلتارنى ئېلىپ ناخشا ئېيتتى. ناخشا ئېيتقان
چاغدىكى ئاشۇ ئاۋازىنى ... ئاشۇ ئاۋازىنى... ئاشۇ ئاۋاـ
زىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن! بىز ئەدەبىيات توغرۇلۇق
سۆزلەشتۇق. ئۇ ماڭا فۇزۇلىنىڭ①، بافىنىڭ②، ناـ
دىمنىڭ③ بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرلىرىنى، ئۆمەر ھەيـ
يامنىڭ④ روبائىلىرىنى يادلاپ بەردى. باشتا پارسچە يادلاپ،

---

① فۇزۇلى — XVI ئەسىردە ياشىغان تۈرك شائىرى — ت.

② بافى — (1526 — 1599) ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە تۈركىيىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ لىرىك شائىر — ت.

③ نادىم — X ئەسىردە ياشىغان ئەرەب يازغۇچىسى — ت.

④ ئۆمەر ھەييام — (1048 — 1123) يىللاردا ياشىغان ئاتاقلىق پارس شائىرى، ماتېماتىك، ئاسترونوم — ت.

ئارقىدىن تەرجىمە قىلىپ بەردى. يورفېي ۋاپات بولغان چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەربىر مىسراسى يىگىرمە بوغۇم-لۇق مەرسىيە يازغانىدىم. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيلەپ تۈگىتەلمەيتتىم. بىرىنچى قېتىم يوقلاپ كېلىپ ئۇنى كېيىن يەنە ئىككى قېتىم كۆردۈم... ئۇ مېنىڭ ئازراق سوۋغامنى قوبۇل قىلمىدى... فونىما پاشا ساداقەتسىزلىك قىلغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئاشنىسىنى كەچۈرۈۋەتتى. لېكىن مەن قاتناشمىغان بىر سىياسىي ئەنزى-گە چېتىلىپ فونىما پاشانىڭ ئەمرى بويىچە ئۆمۈرلۈك پالى-نىپ يەمەنگە كەتتىم... 1908 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلسەم، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتىپتۇ... شۇنداق، ئۆلۈپ كېتىپ-تۇ. بۇ ماڭا ناھايىتى ئېغىر زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. كىشى-لەر مېنى ھاراقنى بەك ئىچىدۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ. يورفېي ئۆلدى، دۇنيادا ماڭا ھاراق ئىچمەكتىن باشقا يەنە نېمە ئىش بار... دېدى.

بۇ بوۋاينىڭ ئايرىلماس دوستى ئۇنىڭ گېپىگە قۇ-لاق سالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ جاۋابەن:

— بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مەن بېرلىندا بولدۇم. ئۇ يەردىمۇ بىر نەچچە قىمارخانا بار ئىدى. قىمار-خانا بولغاندىمۇ ھەقىقىي قىمارخانىلار ئىدى. ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي مەن... كەچتە، مەيخانىنى تاقىغاندىن كېيىن بىرى يېنىمغا كېلىپ قۇلىقىمغا: «ئىشرەتخانا... يالىڭاچ ئۇسسۇل — قارتا... كوكايىن...» دەپ شىۋىرلاپ قويىدۇ.

ھەر ئىككى قېرى ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ ئولتۇرۇ-شاتتى. ئۇلارنىڭ گېپىگە چىنپۈتكىلى بولمايتتى. بۇ ئىككى

قېرى پەقەت ئىككى ئەرۋاھقىلا ئوخشايتتى.

ۋاسىف تاقەت قىلالماي زالدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى. ئۇ پەلەمپەينىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن بەدىنى تىترەيتتى، ۋۇجۇدىدا يامغۇردا ماڭغۇدەك جاسارەت قالمىغانىدى. ئۇ ئازراق مېڭىپلا ئۈستى يېپىق كارىدورنىڭ ئاستىغا بېرىۋالدى. ئوت ئاپىتىدىن كېيىن ۋاقىتلىق تەسىس قىلىنغان سوت بىناسىغا تۇتىشىدىغان مەرمەر تاش پەلەمپەيگە ياماشتى.

ۋاسىف نېمىشقا ئۇ يەرگە بارىدۇ؟ ئۇ ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزمىگەنمىدى؟ ئۇ ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئويلىغاچ مەرمەر تاش پەلەمپەيگە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، كۈندۈزلىرى ئۇ يەر — بۇ يەردە قاڭقىپ يۈرگەچكە، خاتىرىسى ئاجىزلىشىپ، بۇ ئەسلىمىلەر كاللىسىدا غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر دەسسەپ — ئىككى دەسسەپ يۇقىرىلايتتى. ئىككى تەرىپىدە ژاندارمىلار بار ئىدى. ئۇ قولىغا كويزا سېلىنغان چاغدىكى ئازاب بىلەن خورلۇقنى يەنە ھېس قىلدى. ئۇ پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا، ئۇزۇن ئورۇندۇققا يىقىلغانىدى. دەل مۇشۇ يەر شۇ — ئۆزى شۇ — ۋاسىف بىرىنىڭ باشلاپ ئەكىرىشىنى كۈتۈپ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى. ئەتراپىدا ئادەملەر توپلىشىپ ئۇنىڭغا — ئۇنىڭدەك بىر قاتىلغا قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. دەل مانا مۇشۇ يەردە، لەنەتلىك قاراشلار ئالدىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ زەئىپ ھەم

ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. يەنە كېلىپ دەل مانا مۇشۇ يەردە زۇلەيبەنى — ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن، سۇلغۇن، يۈز - كۆزلىرى ياش يۇقى، چىرايىدىن ئالاقزادىلىك ئەكس ئەتكەن زۇلەيبەنى ئىزدىگەنىدى.

ۋاسىفنى زالدا، جاۋابكار تۇرىدىغان ئورۇندا، سودىيەنىڭ ئالدىدا تۇرۇپمۇ يەنىلا زۇلەيبەنى ئىزلىدى. ۋاسىف زۇلەيبەنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى زۇلەيبە، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ ئۇنىڭ ئۆزىگە دېگەنىدى. لېكىن زۇلەيبە كەلمىدى. ۋاسىف زۇلەيبەنى ئەمدى كۆرەلمەيتتى، مەڭگۈ كۆرەلمەيتتى.

زالنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، زالدىن بىرەيلەن چىقىپ ۋاسىفنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. ۋاسىف ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇ ئىشىكتىن زالغا كىردى. چىرايى سۇرلۇك بىر ئادەم كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، جاۋابكار ئورنىدا تۇرغان ياش جاۋابكار — ۋاسىفقا تىكىلدى.

ۋاسىف ياش ئادۋوكاتنىڭ كەڭ ھەم قاپقارا يەڭلىرىنىڭ خۇددى قارغىنىڭ قانىتىدەك پۇلاڭلاپ تۇرغانلىقىنى، دەۋاگەرنىڭ بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ ۋارقىراپ:

— سەن جىنايەتچى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل، — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

— ياق، ياق، ياق، مەن گۇناھسىز، مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خىيالىم يوق ئىدى! — دېدى ۋاسىف ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكۈدەك ئاۋازدا.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىڭ بىلەن بۇنداق ئۆچلۈك قىلىسەن؟

— بىلمەيمەن! بىلمەيمەن! نېمە ئىش قىلىپ قويـ

غانلىقىنى ھەر قانچە قىلسامۇ ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن! — دېدى ۋاسىق نالە قىلىپ.

ۋاسىق ئۆزىگە قانداق مۇددىئانىڭ قوماندانلىق قىلغانلىقىنى بىردىنلا چۈشەندى. پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپكە تولغانلىقتىن، جان ئاچچىقىغا پايلىماي نۇرىنىڭ ئالدىغا يولۋاستەك ئېتىلىپ بارغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇنىڭدىكى بۇ كۈچ ئۆچمەنلىكتىن، ئاچچىقتىن كەلگەندى. ئۇ نۇرىنى ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي ئۇرۇپ ھەممە نەرسىدىن: شاكىر تاغىسىنىڭ مال - دۇنياسى بىلەن قارشىلاشقۇدەك كارامىتىنىڭ يوقلۇقىدىن، ئادىل بولمىغان تەقدىرىدىن، ھىيلە - مىكىر ۋە سۇيىقەستكە تولغان، بايلىق ھەممىگە قادىر دەيدىغان ئەقىدىگە جوقۇنىدىغان — بۇ بايلىق ۋاسىقتا يوق ئىدى — دۇنيادىن ئۆچ ئالماقچى ئىدى. زۇلەيبە بايلىققا سېتىلدى، بايلىق ئاجىز بىر قىزنى كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ، نۇرىدەك مۇشۇنداق بىر ياشنى ئىپلاس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندى. ۋاسىق نۇرىنى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش، ئادەم ئۇرۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇرغانىدى.

ۋاسىق ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئاغزى ئەمدى گەپكە كەلگەنىدى. ئۇ سودىيەگە ۋە زالدىكى ئادەملەرگە يۈز بەرگەن ئىشنى بايان قىلالايتتى، «نېمە ئۈچۈن» لەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرەلەيتتى. بۇ «نېمە ئۈچۈن» لەر ئەسلىدە جاۋابسىز قېلىپ كېلىۋاتقانىدى.

ۋاسىق ئۆز ئورنىدا تۇراتتى، پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ۋارقىراشقا، سۆزلەشكە، ئۆزىنى ئاقلاشقا تەمشىلەتتى. شۇ چاغدا بىرەيلەن ئۇنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ زەردە بىلەن:

— بۇ يەردە تۇرما، يا ئۇلتۇر، يا بولمىسا كەت،— دېدى ۋاسىق يېڭىلا ئويغانغان ئادەمدەك ئەتراپىغا قاراپ قوللىرىنى بېشىغا ئاپاردى، بېشىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى. ۋاسىق بەدەر تىكىشۋەتتى.

ۋاسىق هاسىرىغان پېتى كاردى - كىنائي پىرىستانىنىڭ پاراخوت كۇتۇش ئۆيىگە كەلدى. يامغۇر ئاستا - ئاستا قارغا ئايلانغانىدى. ۋاسىقنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى پۇتۇنلەي هۆل بوپكەتكەنىدى. پاراخوت كۇتۇش بۆلۇمىدە ئادەملەر تىقىلىشىپ تۇرۇپ كەتكەنىدى. ۋاسىق ناهايىتى تەستە مەشىنىڭ يېنىدىن ئالىقاندەك بوش ئورۇن ئېپىپ، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا قىستىلىپ ئولتۇردى.

ۋاسىق شۇ يەردە ... قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئۇخلىيالمىدى، هېچنېمىنىمۇ ئويلىيالمىدى. توختىماستىن: «ياق، ياق، ياق!» دېگەن گەپنى تەكرارلايتتى، بېشىنى قوللىرى بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ لىڭشىتاتتى.

كۆزلىرىنى يېڭىباشتىن ئاچقان چاغدا پاراخوت كۇتۇش ئۆيىدە بىچارە بىر بوۋاي، ئىككى بالا ۋە مىسكىن بىر ئايالدىن باشقا هېچكىم يوق ئىدى. ۋاسىق ئۇ ئايالنى تونۇيتتى. ئۇ قارا كەپكە كىيگەن هېلىقى ئايال شۇ ئىدى، پەلتوسىغا مەهكەم ئورىنىپ دېرىزىدىن يىراقلاردىكى قانداقتۇر بىر نەرسىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ۋاسىق نەزەرىنى ئايال قاراۋاتقان ياققا ئاغدۇرۇپ، تالادا قارنىڭ بايىقىدىن بەكرەك يېغىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ياش ئايال

ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا يالتىراپ لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارغا قارايتتى.

ۋاسىق كۆزلىرىنى ئۇ ئايالدىن ئۈزۈۋالالمىدى. ئۇنىڭ تۇرقى شۇنداق بىپەرۋا، ئەمما غەمكىن ئىدى. پاراخوت كۈتۈش بۆلۈمى ئىسسىق، تىنچ ۋە كۆڭۈللۈك ئىدى... راست، كۆڭۈللۈك، ئىككى سەرگەردان بالا بىر بۇلۇڭدا پاراڭلىشىپ ئويناۋاتاتتى ئۇلارنىڭ كۈلكىسى كۆڭۈللۈك كەيپىيات پەيدا قىلغانىدى.

ۋاسىقنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇخلاپ قالماسلىققا تىرىشاتتى، ئۇخلاپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇخلاپ قالسا مۇلازىملار ئويغىتىپ ئۇنى بۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىراتتى.

ۋاسىق تېخى بايىلا پۈت - قوللىرىنى تىترىتىپ مەش تۈۋىگە قاراپ كېتىۋاتقان ھېلىقى بوۋاينى كۆردى. «ئو قىزىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋاسىق. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. تالادا قار توختىماي يېغىۋاتاتتى. ئۇ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان قورقۇنچلۇق كۈنلەرنى، خىزمەتنى، ئۇنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامىنى ئويلىدى. ... ياردەم تىلەپ ئالدىغا بارغان ھېلىقى ساقچى باشلىقىنىڭ قويۇق قاشلىرىنى يەنە كۆرگەندەك بولدى. «مەن قانداق قىلىمەن؟ خىزمەتسىز، ئۆي ماكانسىز، ئاچ - يالىڭاچ قالدىم، سىز مېنى چىداپ يۈرۈۋەر دېمەكچىمۇ؟» ۋاسىقنىڭ بۇ سوئالىغا ساقچى باشلىقى جاۋابەن: «سەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى نېمىشقا بىزدىن سورىۋالمىدىڭ؟... سەن ياشاشنى خالامسەن؟ سەن ئۆزۈڭدىن بىرەر قېتىم باشقىلارمۇ ياشاشنى خالامدۇ؟ دەپ

سوراپ باققانمۇ؟» دېدى. «لېكىن مەن تېگىشلىك جاۋابنى تۈگەتتىم، تۈگىتىپ تۈرمىدىن چىقتىم. ئەمدى قانداق قىلىسمەن؟ يېڭىباشتىن ئوغرىلىق - بۇلاڭچىلىق يولىغا قاراپ ماڭامدىمەن؟» دېدى ۋاسىف. ساقچى باشلىقىنىڭ يۈزى شۇئان سۈسۈن رەڭگە كىردى. ئۇ: «كۆرۈپ باقاي دېسەڭ، شۇنداق قىلىپ باق... بىزنىڭ مۇشۇ يەرگە يەنە كېلىسەن. بۇنىڭغا ئىشەن» دېدى. كېيىن تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ يەنە: «كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا سېنىڭ ئەھۋالىڭنى چۈشىنىمەن، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، دېيەلەيمەن. لېكىن سەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن. جاسارەتلىك بول ... ئىمكانىقەدەر ئۆزۈڭ ئامال قىل...» دېدى.

بۇ مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق ئوچۇق ئايان بولۇۋاتامدۇ ياكى ئۇ بۇ مەنزىرىنى چۈشەۋاتامدىغاندۇ؟ ساقچى باشلىقىنىڭ يۈزى بىردىنلا ئالامەت يوغىناپ، يوغىناپ تۇيۇقسىز غايىب بولدى. «ياق، مەن ئۇخلىمىدىم...» دېدى ۋاسىف ئۆز - ئۆزىگە. راست، ۋاسىف ئۇخلىمىدى، ئۇخلىمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەتتى. ئۇ ئىشۇ يەردە، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. باللار كۇلۇشۇۋاتاتتى، ھېلىقى ئايال ھېلىمۇ بۇرۇنقى جايىدا ئولتۇراتتى.

ئۇ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ نېمىشقا پەلتوسىنى سېلىۋېتىدىغاندۇ؟ ئۈچىسىغا كىيىۋالغان يۇڭ كۆڭلىكى زىلۋا بەدىنىگە «چىپپىدە» كەپتۇ.

ئۇ ئايال ئېگىشىپ تۇرۇپ ئايىغىنى سالغان چاغدا، ۋاسىف: «ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئايىغىنى سېلىپ، كەينىدىن پايپىقىنى سالدى. ئۇنىڭ پىل

چىشىدەك ئاپئاق پۈتى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى، ئۇشۇقى ئىنچىكە كەلگەن پۈتى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى.

ئۇ يالىڭاياغ ھالدا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ۋاسىفنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت - پىغان تۆكۈلەتتى. يۈزلىرى شامدەك ئاپئاق، لەۋلىرى غۇنچىدەك قىپقىزىل ئىدى. ۋاسىف ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— بار، — دېدى جاۋابەن ئۇ ئايال، — سائەت نەچچە بولدى، سىزدىن شۇنى سورىماقچىدىم.

ۋاسىف ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە: «مەندە سائەت يوق، ئاپام بەرگەن سائەتنى سېتىۋەتتىم... پۇل بولمىسا بولمايدىكەن، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئادەم پۇلغا موھتاج بولىدىكەن. سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى نېمىشقا مەندىن سورايسىز... مېنىڭ سائىتى يوق يارامسىز بىچارە ئەبلەخ ئىكەنلىكىمنى بىلمۇېلىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس ئىش ئەمەس» دېدى.

ۋاسىف ئايالنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن:

— سائەت سوراپ نېمە قىلىسىز؟ بىرىنى ساقلاۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، مەن بىرىنى ياكى مەڭگۈ يۈز بەرمەيدىغان ئىشنى ساقلاۋاتىمەن.

ئۇ ۋاسىفقا يېقىن ئولتۇردى، پۈتىنى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئېلىپ كۆڭلىكى بىلەن ئورىۋالدى.

ۋاسىق زۇلەيبەنى، كېپەشىنى سېلىۋېتىپ پۇتىنى سافانىڭ ئۈستىگە ئالغان زۇلەيبەنى ئەسلىدى... بۇ ئەسلىمە ئۇنى قاتتىق ھاياجانغا سالغان، يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن سوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزى ھېس قىلىۋاتقان بولساكېرەك.

قاراكەپكە كىيگەن ياش ئايال پۇتىنى ۋاسىقنىڭ ئورۇندۇق ئۈستىدە تۇرغان ئوڭ قولىغا ئارانچە تەگكۈزدى. ۋاسىق: «ئايىغىڭىزنى، پايپىقىڭىزنى ۋە پەلتويىڭىزنى نېمىشقا سېلىۋەتتىڭىز، دەپ سورايمەن. ئۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ، پۇتى توڭلاپ قېتىپ قاپتۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

ئۇ ئايال بىردىنلا:

— مېنىڭ پۇتۇمنى ئىسسىتىپ قويامسىز... مەن بەك مۇزلاپ كەتتىم، — دېدى.

ۋاسىق ئۇ ئايالنىڭ پۇتىنى ئالقىنى ئارىسىغا ئالدى. بۇ چاغدا بىر ئادەم ۋاسىقنى نوقۇپ:

— ھوي، بۇرادەر، بۇ يەردە ئۇخلىما، بۇ يەرئۇخلايدىغان ياتاق ئەمەس، پاراخوت كۈتۈش ئۆيى، — دېدى.

پىرىستان خىزمەتچىسى شۇنداق دېدى. ۋاسىق كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ بېگىلا ئۇخلاپ قالغانىدى. پاراخوت كۈتۈش ئۆيى قۇپقۇرۇق ئىدى. باللار، قېرى ئادەم ۋە قاراكەپكە كىيگەن ئايال كۆرۈنمەيتتى. ۋاسىق باشقىلارغا ئوخشاش قوغلاندى بولغىنىدىن قاتتىق نومۇس ھېس قىلدى. ئۇ ھېچقاچان بۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ باققان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا:

— بولىدۇ، بولىدۇ، مەن كېتەي، — دېدى.

ھېلىقى خىزمەتچى ۋاسىققا قاراپ سەل - پەل سىپايە تەلەپپۇزدا:

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، بۇرادەر، بۇ يەر ماڭا تەۋە ئەمەس، باشقا ئاخشىمى، ھەتتا ھەر قانداق ئاخشىمى، كۆپرەك تۇرۇشۇڭغا يول قويماي... لېكىن بۈگۈن ئاخشام ئۇنداق قىلمايمەن. شۇۋىرغان چىققانلىقتىن ئاخىرقى بىر نەچچە قېتىملىق نۆۋەتچى پاراخوت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەن ئىشىك تاقايمەن.

ۋاسىف گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى، تالاغا چىقىپ پۈتكۈل شەھەرنىڭ قار ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆردى. قار ئۇچقۇنلىرى ئاسماننى قاپلىغانىدى. ۋاسىف بۇنىڭغا ناھايىتى ھەيران بولدى. ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى، ئىرمىنىيايو مەيدانىنى كېسىپ، سولغا بۇرۇلۇپ، سىموكىت ۋوگزالىغا قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

ۋاسىف بۇ يەردە بىر نەچچە سائەت تۇرالايتتى. شەھەر سىرتىغا ماڭىدىغان ئاخىرقى پويىز يۈرۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋوگزال ئاشخانىسى بىلەن مېھمانخانىسى ئوچۇق ئىدى. بۈگۈن ئاخشام پويىز كۈتۈش ئۆيىدە ھېچكىم يوق ئىدى. ۋاسىف بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى. بۈگۈن ئاخشام بۇ يەر ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن بەكرەك ئىسسىق تۇيۇلغاچقا، ۋاسىف بەك خۇش ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى راھەت ئىلكىدە يايراپ كېتىۋاتاتتى. پەقەت بىرلا ئىش كەيپىنى ئۇچۇراتتى: ئاشخانىدىن گۆپۈلدەپ قورۇمىلارنىڭ، ئالىي دەرىجىلىك راكى ھارىقى بىلەن تاماكىنىڭ ھىدى كېلەتتى.

ۋاسىفنىڭ قورسىقى ئاچقان، تاماكا خۇمارى تۇتقانىدى. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشاش بىرەر رومكا ھاراق ئىچكۈسى كېپكەتتى. بىرەرى كېلىپ قوغلىۋەتكۈچە ئازراق

ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمدى. ۋاسىق قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن تېزلا ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىسسىق پەلتو، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ياتقانلىقىنى بايقىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى ۋە «مەن نەدە؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنىلا سىركىت ۋوگزالىنىڭ پويىز كۈتۈش ئۆيىدە ئىدى. چوڭ چىراغلار ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىك چىراغلار تامنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ۋاسىق بىرى ئۈستىگە يېپىپ قويغان ئىسسىق پەلتوغا قىزىقىپ قارىدى. بۇ پۇرلىشىپ، ئۆڭۈپ، كونىراپ كەتكەن ئاياللار ماش رەڭ پەلتو ئىدى. ۋاسىق بۇ پەلتونىڭ كىمنىڭ پەلتوسى ئىكەنلىكىنى بىلمىۋالدى. بۇ پويىز كۈتۈش ئۆيىدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان، «سىركىت خېنىم» دەپ ئاتالغان، هارۋىقا ئامراق ئايالنىڭ پەلتوسى ئىدى. ئۇ شۇ ئايالنى ئىزلىدى. ۋاسىق خاتىرجەم بولمىغانىدى. ئۇ ئايال ۋاسىقنىڭ يېنىدا، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا تولغاپ - كۆكىرىپ كەتكەن هالەتتە مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

ۋاسىق پەلتونى ئايالغا بېرىپ:

— مەن ئۇخلاپ قالغاندا بۇ پەلتونى ئۈستۈمگە سىز يېپىپ قويغانمىدىڭىز؟

— هەئە، — دېدى ياش ئايال، — مەن يېپىپ قويغان.

— پەلتويىڭىزنى ئېلىڭ، مەن توڭلىمىدىم.

ۋاسىق بۇ گەپنى قوپال تەلەپپۇزدا دېدى. ئۇ ئايال پەلتونى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ:

— مۇتتەهەم، يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاسىق غەزىپىنى قىلچە يوشۇرماي زەهەردەك تەگكەن

بىر ئايال ئالدىدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇ قەلەندەرلەردىنمۇ بەكرەك بىچارە ئىدى. ئۇلاردا زەررىچە بولسىمۇ نامراتلىققا بەرداشلىق بەرگۈدەك جاسارەت بار ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۆز - كۆز قىلاتتى ياكى تىز پۈكۈپ تەقدىرگە تەن بېرەتتى. ۋاسىنچۇ؟ ناۋادا ئۇلار ۋاسىفنى ئۆزلىرىنىڭ بىر ئەزاسى قاتارىدا كۆرسە، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلسا، ئىچ ئاغرىتسا، ۋاسىف بۇنى نومۇس دەپ بىلەتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا تەقدىرگە قارشىلىق قىلغۇدەك يېتەرلىك كۈچ - قۇدرەت ۋە غەيرەت - جاسارەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بەختسىزلىك ئوكيانىغا ئۆزلۈكىدىن غەرق بولغان، دولقۇنلار ئارىسىدا ئۈرۈلۈپ- سوقۇلۇپ يۈرگەن ئادەم بولغاچقا، ئۆزىچە نومۇس قىلاتتى.

ھېلىقى ئايال پەلتوسىنى يېپىنچاقلىۋالدى، تەلەپپۇزىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەيران قالغانلىقىغا قارىماي ۋاسىف يەنىلا گەپ قىلىۋاتاتتى.

— سىز نېمىشقا ئۆزىڭىز بىلگەننى قىلىسىز؟ مەن سىزدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمىغانىدىم. مېنى، ئۇ مېنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىمغا موھتاج، دەپ ئويلامسىز؟ نېمىشقا پەلتويىڭىزنى ئۈستۈمگە يېپىپ قويۇسىز؟

ۋاسىف كېپىنى دەپ بولۇپ، كەينىدىن پۇشايمان قىلدى.

— ماۋۇ مۇتتەھەمگە قاراڭلار،— دېدى ئايال،— ئۇ مېنىڭدىن، نېمىشقا؟ نېمىشقا؟ دەپ سوراۋاتىدۇ. ھەي، ئىتنىڭ بالىسى، سەن تاياق يېگەن ئىتتەك تىترەپ... توڭ-

لاپ قالاي دەپ قاپسەن... ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.
ۋاسىف ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشكە قىل قالـ
دى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جىم ئولتۇردى.
ياش ئايال ۋاسىفنىڭ ھەرىكىتىگە قىلچە دىـققـەت
قىلماي بىر خىلدا سۆزلەۋاتاتتى.
— مەن مۇشۇ ئىتنىڭ بالىسىنى دەپ توڭلاپقالغىـ
لى تاس قالدىم. بۇنىڭدەك پەس بىرنېمىلەر ياخشىلىق
قىلغاننى بىلمەيدۇ، ياردەم قىلغان بىلەنمۇ بىكار. شېغىل
يولدا جان تالىشىپ ياتقىنىنى كۆرگەندە، ئۇلارنى قوڭىغا
بىرنى تېپىپ جەھەننەمگە ئۇزىتىۋەتكەن ياخشى.
ۋاسىف بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ ئۇزۇن ئورۇندۇقـ
قا باشقىدىن يىقىلىپ چۈشتى.
«مەن ئاغرىپ قالدىم» دەپ ئويلىدى ۋاسىـف، ئـۇ
قورقۇپ كەتتى. ئاغرىپ قېلىشنى خالىمـايتتى... ئۇ ئەسلى
ئاغرىپ قالمىغان... پەقەت قورسىقى ئېچىپ كـەتكەنىدى.
«مەن ئاچلىقتا مۇشۇنداق ئاسانلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولـ
دۇم» دېدى ۋاسىف ئۆز - ئۆزىگە.
— رەھمەت ئېيتماق توغۇل، يەنە مېنى تىللاۋاتىسەن،
مەن بولمىسام نۆۋەتچى سېنى تالاغا تاشلىۋەتكـەن بـولار
ئىدى، نۆۋەتچى پويىز كۈتۈش ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقايـ
دىغان چاغدا قارىسام سەن چوشقىدەك خارتىلداپ ئۇخـ
لاپ قېتىپ كېتىپسەن. مەن نۆۋەتچىگە، ئـۇ ئـارامخـۇدا
ئۇخلىۋالسۇن، دەپ يالۋۇردۇم، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى
مېنى ياخشى كۆرىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان بولغاچقا، نۆۋەتـ
چى ماقۇل بولدى.
ۋاسىف مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن — بـۇ

ئانچە مۇھىم ئەمەس — بۇ پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. ۋاسىفنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنى ھەقىقەتەن راست ئىدى. بۇ قەلەندەرلەر ئۈنىڭ ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلسا، ئۇ شۇلارنىڭ شىرىكىگە ئايلىنىپ قالاتتى. يەنە كېلىپ ھىمايىسىگىمۇ ئېرىشەتتى. ئۇلاردا ۋاسىفقا نىسبەتەن ھېسداشلىق، ھەتتا دوستلۇق پەيدا بولغانىدى. ۋاسىف يولدىن چەتنەپ چەكسىز زۇلمەت ۋە تۈۋسىز نامراتلىق قاينامىلىرىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. قاداق باسقان، مەينەت، بارماقلىرى دوناي، تىرناقلىرى پاسكىنا قوللار ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ ئۆزلىرىنى يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان قايىنامغا ئۇنىمۇ بىللە سۆرەۋاتاتتى. قۇتۇلۇشتىن قىلچە ئۈمىد، بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ھېچقانداق مۇمكىنچىلىكى قالمىغانىدى. ۋاسىف ئون ئىككى يىل ئايرىلىپ قالغان ئەركىنلىكى بىلەن بىللە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئەركىنلىككە تېخى نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا ئېرىشكەنىدى. بۇ ئەركىنلىك ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى، ئەكسىچە پۈت - قولىغا چۈشەك بولدى، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسىمۇ بولمىدى.

ۋاسىفنىڭ شەھەرگە يۈگۈرۈپ كىرىپ تۆت كوچىدا، مەيداندا تۇرۇپ ئاۋازىنىڭ بارىچە: «مېنى قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى.

ۋاسىف قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ۋاسىف ئاسان يىغلىمايتتى. تۇرمىدىمۇ ئىككى قېتىملا — بىر قېتىم ئاپىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان، يەنە بىر قېتىم قاراڭغۇ كامېردا مارمىنىڭ «زۇلەيبە، زۇلەيبە، مېنىڭ زۇلەيبەيىم، ئۈچ كەنتتىكى قىزلارنىڭ ئەڭ

چىرايلىقى سەن...»دەپ كىشىگە باشقا بىر زۇلەيبەنى ئەسلىتىدىغان ھېلىقى خەلق ناخشىسىنى ئېيتقان چاغدا يىغلىغانىدى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا ئازاب ـ ئوقۇبەت ھەم مۇھەببەت ئۈچۈن يىغلىغانىدى. ھازىر ئۇ يەنە يىغلىدى — بۇ قورقۇنچلىق ئىش — ئۇ شۇ تاپتا ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن يىغلاۋاتاتتى.

ياش ئايال ۋاسىققا سەپسېلىپ قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى ـ دە، تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ:

— گېپىمنى ئاڭلاپ تۇر، ئوبدان بۇرادەر، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ... سەن مەيۈسلۈك ھېس قىلىۋاتامسەن؟ بۇ لەنىتى دۇنيادا قايسىبىر ئادەم سېنىڭدەك ئەمەس؟ بۇنداق دېگەنلىك — كىشىلەر بەك بەختلىك بولسا مەيۈسلەنمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. توغرىمۇ؟ ئورنىڭدىن تۇر، مەن بىلەن ۋوگزال ئاشخانىسىغا بار. مەن ساڭا بىر رومكا راكى ھارىقى ئېلىپ بېرىمەن، ئىچىپ كۆرسەڭ بىلىسەن، بۇ ئوقەتنى ئىچسەڭ كۆڭلۈڭ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ئويلارنى ئۇنتۇيسەن... بېشىڭنى چايقىما، بۇنداق ناز قىلىپ تۇرۇۋالما، مەن سېنى چىن كۆڭلۈمدىن مېھمان قىلىمەن.

ئايال ۋاسىققا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ يەنە:

— مەيلى بوپتۇ زورلىماي، يېنىڭدا نەشەڭ بولمىسا مەن تېپىپ بېرەلەيمەن ... سەندىن پۇل ئالمايمەن... مېنىڭ بىر نەچچە بۇرادەرلىرىم بار، سورىسام بېرىدۇ، ئۇلار مەندىن پۇل ئالمايدۇ، يېنىڭغا پۇل كىرگەن كۈنى مېنى راكى ھارىقى بىلەن مېھمان قىلساڭ بولىدۇ. دەرھال يىغاڭنى توختات، ئاتاڭغا لەنەت، بولدى يىغلىما ... ئەر

گىشى ئايال كىشىدەك يىغلىسا، بەك قورقۇنچلۇق بولىدىكەن،— دېدى.
ئايال مۇرىسىنى قىسىپ:
— تۇرمۇش بىز ئۇچۇن كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرمەك ئەمەس. لېكىن بۇنىڭغا يىغلاش كەتمەيدۇ... تۇرمۇشنى مەنىستىمەسلىك كېرەك، بىلدىڭمۇ؟ مەنىستىمەسلىك كېرەك. مەنچۇ، مەن بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايمەن،— دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇ مەست ئادەمدەك ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ كەتتى،— ماڭا، ماڭا بەك كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ...
قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن ئايال تۇرۇپلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.
— ماڭا، ماڭا ھەممە نەرسە بەك كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، بىلدىڭمۇ؟
ۋاسىف يىغىدىن توختاپ قېلىشىغا ئۇ ئايالنىڭ يىغىسى باشلاندى. ۋاسىف بىردەم ئولتۇرۇپ بىقىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، ئۇ ئايال ۋاسىفنى بىر قولى بىلەن بېسىپ يېڭىباشتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ۋاسىفنىڭ قارشىلىق قىلغۇسى يوق ئىدى، بولسىمۇ قارشىلىق قىلالمايتتى.
— ئابرويۇڭنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقما،كالۋا... مۇشۇ يەردە ئولتۇر... مۇشۇنداق بىر كېچىدە مۇشۇنداق بىر ماكانغا ئېرىشسەڭ، ئۆزۈڭنى مىليونېر ھېسابلا. توختىماي شىۋىرغان چىقىۋاتسا، سەن نەگە بارالايسەن؟ مۇشۇ يەردە قال، مېنى ساقلاپ ئولتۇر، مەن بىلەن بىللە ۋوگزال ئاشخانىسىغا بارغۇڭ يوقلۇقىنى مەن بىلىمەن... مەن بېرىپلا كېلىمەن، ساڭا يەيدىغان ھەم ئىچىدىغان نەرسە ئەكىلى

مەن، ئىلاجى بار راكى ھارىقى... ناۋادا راكى ھارىقى تاپالمىسام، ئازراق ئۈزۈم ھارىقى ئەكىلىمەن.

ۋاسىف ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئاغزى قۇرۇپ كەتكەنىدى. قارا چېكىتلەر كۆز ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھېلىقى ئايال كەلگۈچە ۋاسىف يەنە شۇ بۇرۇنقى ھالەتتە ئىدى. ئايال كېتىپ بەك ئۇزۇندا كەلدى، ئۇنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۈستىبېشى قار ئىدى. ئۇ قويىنىدىن بىر پارچە قىيمىلىق بولكا، كىچىك بوتۇلكىلىق راكى ھارىقى چىقاردى. قىيمىلىق بولكىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلدى، يانچۇقىدىن قۇرۇق كونسېرۋا قۇتىسىنى، ئېلىپ يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى قۇيۇپ ۋاسىفقا تۇتتى ۋە:

— ئالە، ئىنىم. ھەرگىز تارتىنما. بۇ سېنىڭكى... سېنى دېمىسەم، مۇشۇ كېچىدە ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ سىرتقا چىقىپ، راكى ھارىقىغا پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۆزۈمگە خېرىدار ئىزلەپ يۈرمىگەن بولاتتىم. مېنىڭ ھەر ھالدا ئامىتىم بار ئىكەن... مۇشۇنداق كېچىدە خوتۇنسىراپ كەتكەن بىر ساراڭنى تېپىش، ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس... ئىچە ... يە، قەدىرلىكىم... ساڭا دەپ قوياي، مەن سېنى چىن كۆڭلۈمدىن مېھمان قىلىۋاتىمەن.

ئايالنىڭ چىرايىدا سەممىي تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ۋاسىف.

ۋاسىف ئايال بەرگەن نەرسىلەرنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇ ئىچىرقاپ كەتكەنىدى.

— بىراق سەن ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ تۈگەت، — دېدى ئايال، —

ئاۋادا يەپ - ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىمىزنى مۇلازىم كۆرۈپ قالسا، بىزنى شۇ ھامان قوغلاپ سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ.

ۋاسىف سەرگەردان بولغاندىن بېرى ئۇنى بىر قېتىم بىرى پاراخوت كۇتۇش ئۆيىدىن قوغلىغانىدى. ئۇ ھازىر بۇنىڭ تەمىنى بىلەتتى.

— بولىدۇ، — دېدى ۋاسىف. ئۇ قىيسلىق بولكىنى بىراقلا ئاغزىغا سالدى. قورسىقى شۇنداق ئىچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاغزىدىكىنى ناھايىتى تەستە يۇتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى.

— ئىچە، — دېدى ئايال، — چاققان ئىچ.

ۋاسىف دەم ئالماي ئىچىپ بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ قويدى. بېشى قېيىشقا باشلىدى. ھېلىقى ئايالغا بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ياتقان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇنى ئەتىسى ھېلىقى ئايال ئويغاتتى.

— بولدى، — دېدى ئايال، — تۇرۇپ كەت، كېتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

ۋاسىف پىيادىلەر يولىدا كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇنىڭ ھەممىسى چۈشۈم ئوخشايدۇ» دەپ قالدى. يېنىدا ھېلىقى ئايال يوق ئىدى. ئۇ شۇنداق قاتتىق ئۇخلىغان بولسىمۇ، ئېيتقۇسىز ھارغىنلىق ھېس قىلاتتى. پۇت - قوللىرى كېرىشىپ كېتىۋاتاتتى. تامىقىنى بىر نەرسە كۆيدۈرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاغزى قۇرۇپ، توڭلىغاندەك بولاتتى. قار توختايدىغاندەك ئەمەس، ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. ۋاسىف لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قاردا كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كۆۋرۈككە يېقىن قالغاندا سالىپ① سېتىۋاتقان ئادەمنى كۆردى. ئۇ ئادەم ئىستاكانلارغا

① سالىپ — سۈت ئارىلاشتۇرۇلغان ئىچىملىك — ت.

ئاپئاق ھەم قىزىق ئىچىملىكنى لىق تولدۇرۇپ قويىدىكەن. ئىشقا ماڭغان ئىشچىلار كۆتۈرۈپ بىراقلا ئىچىۋېتەتتى. بىر نەچچە قىزلار، بىر نەچچە ياش سەرگەردانلار ۋە بىر نەچچە بىكار تەلەپلەر شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ۋاسىق كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئالتۇن بۇرجەك پىرىستانىغا باردى. بۇ چاغدا بۇ يەردە ھەممىشە ئىشچىلار سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كېتىشەتتى. ۋاسىق ناھايىتى ئاسانلا بىرەر بۇلۇڭنى تېپىپ خاتىرجەم ئولتۇرۇۋالالايتتى، ئۇنىڭغا بىرەرسىمۇ دىققەت قىلمايتتى.

ۋاسىق زالغا گاراڭ ھالەتتە كىرىپ، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى. بىرىنىڭ:

— ياخشىمۇ سىز دوستۇم، — دېگەن گېپىنى ئاڭلىدى.

ئۇ بىر پۈتى كېسىۋېتىلگەن ھېلىقى سېرىق چاچلىق يىگىت ئىدى. ھەر كۈنى يۈز كۆرۈشۈپ تۇرغاچقا، ئۇ ياش يىگىت ۋاسىق بىلەن سالاملىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ياخشىمۇ سىز، — دېدى ۋاسىق جاۋابەن. ئۇ ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغانلىقىنى ھەم شۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى. «ئۆزۈڭغا سوزۇلغان قاباھەتلىك چۈش» دەپ ئويلىدى ۋاسىق. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئولتۇراتتى.

پاراخوت كۆتۈش ئۆيىدىن دەسلەپتە بىر تۈركۈم ئىشچىلار، ئاندىن بىر مۇنچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن بىر نەچچە خىزمەتچى چىقىپ كەتتى. پاراخوت كۈتۈش ئۆيىدە ۋاسىق بىلەن ھېلىقى

سىرىق چاچلىق يىگىتتىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. ئۇ يى-گىت پاراڭلىشىش ئۆمىدىدە ۋاسىفنىڭ ئۆزىگە قارىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتتى. بىر مۇلازىم كې-لىپ ھېلىقى يىگىتتىن:

— تېچلىقمۇ، مۇستافا، ئەھۋالىڭ قانداق؟— دەپ ئەھۋال سورىدى.

— رەھمەت، — دېدى يىگىت قوللىرىنى چۈشىنىكسىز پۇلاڭلىتىپ.

— بۈگۈن ھاۋا بەك سوغۇق ... مەن ساڭا بىر ئىستاكان قىزىق چاي ئەكىلىپ بەرسەم، قانداق؟

— رەھمەت،— دېدى يىگىت يەنە.

مۇلازىم بىر ئىستاكان قىزىق چايىنى مۇستافانىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپ پاراخوت كۈتۈش ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا، مۇستافا يېقىملىق ئاۋازدا:

— بۇرادەر، بۇ بىر ئىستاكان چاينى مەن بىلەن بىللە ئىچىشكە رازىمۇسىز؟— دېدى.

— سىز ماڭا گەپ قىلىۋاتامسىز؟ —دېدى ۋاسىف ئۇنىڭ-غا. ۋاسىف كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. مۇستافا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مېنى باشقا بىرىگە گەپ قىلىۋاتىدۇ دەمسىز؟ بۇ پاراخوت كۈتۈش ئۆيىدە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق،— دېدى.

— ئەمىسە رەھمەت سىزگە.

— ئاۋۋال سىز ئىچىڭ، قانچىلىك ئىچكۈڭىز بولسا، شۇنچىلىك ئىچىڭ. ماڭا ئازراق قويۇپ قويسىڭىزلا بول-

دۇ ... ئازراق قالسىلا بولدى. مېنىڭ بۇ يەردە بىر نەچچە دوستلىرىم، خىزمەتداشلىرىم بار. شۇلار مېنى بۈگۈن ئاخشام بىر نەچچە ئۇستاكان چاي بىلەن مېھمان قىلىدۇ. سىز ئىچمىسىڭىز، دەپ قوياي، بولمىسا مەن سىزدىن خاپا بولۇپ قالىمەن.

ۋاسىفنىڭ ئاغزى قۇرۇپ كەتكەندەك، ئۇ رەت قىلمىدى، ئۇستاكاننى قولىغا ئېلىپ:

— رەھمەت سىزگە، — دېدى.

مۇستافا قانائەتلەنگەن قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بەللى! سىز مېنى خۇش قىلىۋەتتىڭىز. قاراڭ، بۇ يەردىكىلەر ماڭا شۇنداق تونۇش، ئۇلار مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى مەن بۇرۇن مۇشۇلار بىلەن بىللە ئىشلەيتتىم.

— ھە مۇنداق دەڭ، — دېدى ۋاسىف.

— سىزگە ئېيتسام، مەن بۇرۇن پاراخوتنى قىرغاققا باغلايتتىم. پاراخوت باغلايدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇقتىدارلىقى ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغىنى مەن ئىدىم. ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن، — مۇستافا تىزىغا ئۇرۇپ قويۇپ يەنە، — ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ھادىسە يۈز بېرىپ، مەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. مەن بۇ پېشكەللىككە ئۇچرىغان چاغدا، ئەمگەك سۇغۇرتا تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغان، شۇڭا مەن تۆلەم پۇلىنىمۇ ئالالمىدىم، — دېدى مۇستافا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياللۇز بولا ئەمەس، مەن بۇرۇن ياخشى كۆرگەن قىز، مەن بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بولغان

تۇرۇپ ئايرىلىپ كەتتى،ــ دەپ قوشۇپ قويدى.
مۇستافا جىمىپ كەتتى، ئاندىن مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:
ــ ھازىر ئەمدى ئىشتىن شۇنداق رايىم قايتىپ كەتتى،ــ دېدى.
ۋاسىق چاينى ئىچىپ بولۇپ، لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن يەنە بىر قېتىم: «نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا يۆلىنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىمەن؟ نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم؟» دەپ سورىدى. ۋاسىق ھېچ بولمىغاندا دەسلەپكى بىر نەچچە يىللىق تۇرمۇش ھاياتىدا، ھەتتا كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا، بارلىقىمنى زۇلەيخەگە تەقدىم قىلدىم، دېگەن خىيال بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان كەلگەنىدى. لېكىن زۇلەيخە نەدە؟ ئاشۇ زۇلەيخە ھازىر نەدە؟ ۋاسىقنىڭ گاراڭ كاللىسىدا زۇلەيخە خىيالى تۈيغۇ، قۇرۇق خىيال بولۇپ قالغان ئەمەسمىدى؟ ئىلگىرى زۇلەيخە ئاتىلىق بىرى ھەقىقەتەن ئۆتكەنمۇ؟ ۋاسىق زۇلەيخە ئۈچۈن ھاياتىنى راستىنلا نابۇت قىلىۋەتكەنمۇ؟ ۋاسىق نېمىشقا ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ھامان زۇلەيخەنى كۆرگىلى زۇلەيخەنىڭكىگە بېرىشقا ئالدىرىمىدى؟ ۋاسىق نېمىشقا مۇشۇنداق ئويدا بولمىدى؟ بۇ ئوي ۋاسىقنى قۇتقۇلدۇرغان، پاكى زۇلەيخەنى كۆرسە، ۋاسىق قايتىدىن روھلانغان، بۇ روھلىنىش ئۇنىڭ ھاياتىغا كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن كۈچاۋلۇك كۈرەش ئىرادىسى ئاتا قىلغان بولاردى.
شۇنداق، ئۇ تۈرمىدىن چىقىپلا زۇلەيخەنىڭكىگە كۆرۈشكىلى بېرىشى ... ئىككىلەنمەي شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ۋاسىق ئۇنداق قىلمىدى ... ناۋادا زۇلەيخە

بولمىسا، زۇلەيبەنى دەپ قۇربان قىلىۋەتكەن نەرسىلىرى قەددىنى پۈكۈۋېتىدىغانلىقىنى ۋاسىف نېمىشقا بىلمەيدۇ؟ ۋاسىف پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زۇلەيبەنىڭ مۇھەببىتىگە موھتاج ئىدى.

تۈرمىدىن چىققان كۈندىن تارتىپ مۇھەببەت تورىغا يەنە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، زۇلەيبە بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن ۋاسىف، بۈگۈن ھاياتى كۈچكە تولغان كۈچلۈك مۇھەببەتنى قايتىدىن تاپتى. ئۇ قەددىنى پەقەت مۇھەببەت بىلەنلا رۇسلىيالايتتى.

ۋاسىف ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ زالدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ماڭدى. نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بۇرۇن تۇرغان مەھەللىسىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇ زۇلەيبە بىلەن كۆرۈشىدۇ!.. زۇلەيبەنىڭكىگە بارىدۇ، زۇلەيبەنىڭ كۆزلىرىنى كۆرىدۇ، ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ۋاسىف زۇلەيبەنى ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈمىدى قەلبىدە ھېلىھەم ئاۋۋالقىدەك يالقۇنجايتتى. زۇلمەت ئىسكەنجىسىدە قالغان ئېچىنىشلىق ھاياتى زۇلەيبە بىلەن مەنىلىك بولاتتى.

ۋاسىف سوغۇقنى ھېس قىلمايتتى، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى، ھارغىنلىق بىلىنمەيتتى... ئۇ ئۇدۇل مەھەللىسىگە ئاپىرىدىغان يالانباغرى تاغ يولىدا كېتىۋاتاتتى. كېسەك بىلەن سېلىنغان كۆل رەڭ ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆزى ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئىكەنلىكىنى بايقىدى ... ئاپىسى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ بودرۇق قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇنى مۇشۇ

يەرگە ئەگىلىپ قوياتتى. سۆيۈپ قويۇپ، خۇشال
لىق بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭغا ئىشىكتىن
كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇراتتى. ئاندىن ئاپىسى جاپالىق
ئىشقا مېڭىپ كېتەتتى. ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق
ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

ئۆزى ئوقۇغان سىنىپنىڭ ئىشىكى ۋاسىفقا جىسمانىي
ئازابتەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى... «ئەنە فونتان» دېدى
ئۇ ئۆزىگە، فونتان شۇ تەرەپتە، سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ
ئاستىدا تۇراتتى، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ۋاسىفنىڭ يۈزى
ئاقىرىپ، ئالدىغا مېڭىشقا پېتىنالماي توختاپ قالدى. ئۇ
فونتانغا، سۇۋادان تېرەكلەرگە قارايتتى... بىر يىلى يازدا
مۇشۇ فونتاننىڭ يېنىدا نۇرىنى بىرى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتكەنىدى.
ۋاسىفمۇ شۇ يەردە بار ئىدى. ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا
كىرگەن، ئاۋاق ۋە قورقۇمسىز ۋاسىف ئۆزى يالغۇز ئاياق
يەپ كېتىشتىن قورقماي نۇرىنى ئۇرغان بەش بالا بىلەن
مۇشتلاشقانىدى. «بىچارە نۇرى!» ۋاسىف ئۆز - ئۆزىگە
شۇنداق دېدى. ئۇ نۇرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدى، كەيـ
نىدىن دەردمەن ئاپىسىنىڭ بېشىغا چىقتى، ئەمدى ئۇمىدـ
سىزلىك ئىلكىدە ئۆزىنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ.

ۋاسىف فونتاننىڭ يېنىدىن ئۆتمەي، ئايلىنىپ كونا
بىر كوچىغا كىردى. ئۇ مۇشۇ يەردىن ئۆزى تۇرغان ئۆينى
تاپماقچى بولدى. ئەمما، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ
ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيى، شۇ قاتاردىكى
بىر نەچچە ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا غايەت زور قۇرۇلۇشلار، ئالتە
قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ قۇرۇلۇشلار

ياغاچتىن ئەمەس، بەلكى بېتوندىن سېلىنغان زامانىۋى قورولۇشلار ئىدى. كوچىنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن، ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى يېڭى قورولۇشلار ئىگىلىگەنىدى.

بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ۋاسىف ئۆز ئۆزىدىن: «يېڭىلىشىپ قالمىغاندىمەن»دەپ تەكرار-تەكرار سورىدى. ئۇ ئالدى تەرەپكە مېڭىپ شاكىر تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولغا چىقتى. ئۇنىڭكىگە بېرىش ئۈچۈن مەيخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مەيخانا يوق ئىدى. مەيخانىنىڭ ئورنىدا سەككىز قەۋەتلىك بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتى يېمەكلىكلەر ماگىزىنى ئىدى. ماگىزىنىنىڭ ھەممە نەرسىسى تولۇق ئىدى. ۋاسىف شاكىر تاغىسىنىڭ ئۆيىنىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىنى پەملەپ، كەينىگە يېنىپ ماگىزىنغا كىردى. ئۇ ياش بىر پىرىكازچىكتىن شاكىر تاغىسىنىڭ نەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى سورىدى.

— شاكىر ئەپەندى؟ — دېدى ياش پىرىكازچىك،— مەن تونۇمايدىكەنمەن. بۇ مەھەللىدە ئۇنداق ئادەم يوق.

بۇ گەپكە ئىشەنگىلى بولمايتتى. ۋاسىف ماگىزىندىن چىقىپ، يەنە بىر ئاز مېڭىپ، بىرەر تونۇش-بىلىش ياكى شاكىر تاغىسىنىڭ ئۆيىنى بىلىدىغان بىرەرى چىقىپ قالار دەپ خىلۋەت كوچىدا تۇرۇپ ئىككى يېنىغا قارايتتى. ئۇ ئىشەنچىسىنى يوقاتتى، ئۈمىدسىزلەندى. نېمە قىلارىنى بىلمەي سوغۇقتا توڭلاپ تىترەپ تۇراتتى. كېتەي دەپ تۇرۇشىغا يىراقتىن لىق ئىككى تۇڭ سۇ كۆتۈرگەن بىر بوۋاي كۆرۈندى. بوۋاي قاردا يىقىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ،قەدىمىنى ساناپ دەسسەپ دېگۈدەك ئاۋايلاپ كېلىۋاتاتتى.

ۋاسىق بۇ بوۋاينى دەرھال تونۇۋالدى. سۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بوۋاي ــ ھاشىم بوۋاي ئىدى. ۋاسىق تولۇپ ـ تاشقان ئۈمىد بىلەن يۈگۈرگەن پېتى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، بوۋاينىڭ ئالدىدا توختىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ــ دەپ سالام قىلدى بوۋايغا ۋاسىق. بوۋاي ۋاسىققا گۇمانلىق نەزەرى بىلەن قارىدى. ۋاسىق بوۋاينىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقىنى بىلەلـ مەي تۇرغانلىقىنى بىلدى.

ــ ھاشىم تاغا، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ ــ دېدى ۋاسىق.

بوۋاي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ۋاسىققا يەنىلا قاراپ تۇراتتى، ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ:

ــ راست گەپنى قىلىۋاتىمەن! تونۇمىدىم! سېنى تونۇـ مىدىم، ــ دېدى.

ــ مەن ۋاسىق، ئەركىن بازاردىكى سودىگەر شاكىر ئەپەندىنىڭ جىيەنى بولىمەن.

ھاشىم بوۋاينىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەر دەرھال ئۆزـ گەردى، ئۇ كەينىگە بىر نەچچە قەدەم داجىپ پەس ئاۋازدا:

ــ ۋاسىق؟

ــ ھەئە، ــ دېدى ۋاسىق بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

بوۋاي ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

ــ راست سەنكەنسەن، دەماللىققا تونۇيالماپتىمەن، لېكىن، چىرايىڭ بەكلا تونۇشتەك قىلىدى.

ــ مەن جىق ئۆزگىرىپ كەتتىم.

ــ راست، ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى ...

— ئون ئىككى يىل.
— راست، ۋاقىت ئاتقان ئوق ... ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىنىپ ئۆزۈمنىڭ ئەسلى يېرىمدە ياتقانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن. ئۇلار سېنى ئېلىپ ماڭغاندا، سەن تېخى كىچىك بالا ئىدىڭ...

ۋاسىقنى ئوڭايسىزلىنىپ قالمىسۇن، دەپ بوۋاي گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— سەن كەتكەن چاغدا...

ئۇلار بىر پەس شۈك تۇرۇپ قېلىشتى. ھاشىم بوۋاي يەنە:

— بۇرۇنقى تونۇش-بىلىشلەرنى ئىزدەيمەن دېسەڭ، بۇ يەردىن ھېچكىمنى تاپالمايسەن. كونا ئۆيلەر بۇزۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئادەم بۇ يەردىن كەتتى. بەزىلەر شەھەر سىرتىدىكى بوز يەرلەرگە كەپىلەرنى قۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشتى، يەنە بەزىلەر ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىشتى، — دېدى.

ۋاسىق بۇ كەپىلەرنى ئاڭلاپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

— ماڭايلى، بالام، بۇ يەردە تۇرمايلى، قەھۋەخانىغا بېرىپ، ئىسسىقراق بىر نەرسە ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى.

ۋاسىق بارغانسېرى توڭۇپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. بىر يەرگە كىرىپ ئىسسىنىۋېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئىدى.

ئۇلار كىچىكرەك بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ھاشىم بوۋاي ئىككى ئىستاكان قەھۋە بۇيرىتىپ، ۋاسىققا تاماكا تۇتتى، ئۆزى تاماكىسىنى چېكىپ،

ۋاسىفقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.
— راست گەپنى قىلسام، ناۋادا ماڭا تونۇشلۇق بەر-مىگەن بولساڭ، سېنى ھەرگىز تونۇيالماسكەنمەن. راست، سەن بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسەن. دەرۋەقە، بۇنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ،— دېدى ھاشىم بوۋاي.
ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى، ھاشىم بوۋاي گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:
— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. ئۆزۈڭ دەپ باقە، بىزنىڭ بۇ مەھەللىگە نىسبەتەن سېنىڭ قانداق قارىشىڭ بار؟ — دېدى.
— مەھەللىنى تونۇيالماي قالدىم، — دېدى ۋاسىف، — ئۆزۈمنىڭ ئۆيى بىلەن شاكىر تاغامنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم.
— ھەي، بىچارە شاكىر ئەپەندى!— دېدى ھاشىم بوۋاي،— ئۇ بەختلىك ئادەم ئىدى! ئۆيىنىڭ چېقىلغان-لىقىنى كۆرەلمەي كەتتى، شاكىر ئەپەندى ۋاپات بولغان-دىن كېيىن ئايالى ئۆيىنى ئادانالىق ① بىر سودىگەرگە ساتتى. ئۇ سودىگەر شۇ ئۆينىڭ ئورنىغا ئون تۆت يۈرۈش ئۆيلۈك بىنا سالدۇردى.
— ھە، شاكىر تاغام ۋاپات بولۇپ كەتتى،—دېدى ۋاسىف بوش ئاۋازدا.
—مەرھۇمغا ئاللا مېھىر - شەپقەت ياغدۇرغاي. راست، ئۇ ۋاپات بولدى. بۇ ئىشتىن سېنىڭ خەۋىرىڭ يوقمۇ؟
—يوق،—دېدى ۋاسىف. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ كەتتى.

---

① ئادانا — تۈركىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر — ت.

هاشىم بوۋاي يەنە:

— شاكىر ئەپەندى ھەممىشە مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلغان، باي بولغاندىن كېيىن مۇشۇ ئۆينى سېتىۋالدىم، دەيتتى. ئاخىرى كېلىپ مىيىتىمۇ شۇ ئۆيدىن چىقتى.

ۋاسىف ئۆزىنى تۇتالماستىن:

— ئايالى قانداق قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇ ھازىر نەدە ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى ھاشىم بوۋايدىن.

— خۇدا ھەققى، مەن ئازراقمۇ ئۇقمايمەن. ئۇ كېيىن تەككەن ئېرى بىلەن ئاقسارايدىن ① بىر كورپۇس ئۆي سېتىۋېلىپ، شۇ يەرگە كەتتى.

— ھە— دەپ تۇۋلىۋەتتى ۋاسىف.

— زۇلەيخە ئېرىنىڭ دۇكىنىدىكى پىرىكازچىكقا تەگدى. دۇكاننىڭ ھېسابات ئىشلىرىنى شۇ پىرىكازچىك قىلاتتى. شاكىر ئەپەندىمۇ قېرىپ كېتىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ... ھەممە ئىشنى ئايالى قولىغا ئالدى. ئۇ ئايال شاكىر ئەپەندىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئاپىسىغا تاپشۇردى. سەن بىلىسەن، ئۇ ياش ئايال ناھايىتى دىتى بار ئايال ئىدى. تاغاڭلار سىلەرگە قالدۇرۇپ قويغان نۇرغۇن مىراسنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى ... مەرھۇم ھايات ۋاقتىدىلا ئۇ ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋالغانىدى. سىلەرگە يىگنە چاغلىق نەرسىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن، شاكىر ئەپەندىنىڭ تىجارىتىنى قولىغا ئۆتكۈزىۋالغانلىقى توغرۇلۇق داۋراڭ سالدى. كىشىلەر، شاكىر تاغىنىڭ ئايالى ھېلىقى ياشنى بۇرۇنلا ياخشى كۆرۈپ قالغان، دېگەن گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشتى. لېكىن مەن بۇ گەپلەرگە تازا ئىشەنمىدىم.

① ئاقساراي ـ ئىستانبۇل شەھەر ئىچىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى ـ ت.

ئۇ ئەقىللىك ئايال. مېنىڭچە، سودا ئىشىدا ئېپى بار دەپ، ئۇ ھېلىقى ياشقا تەگكەن. ئۇ بىرەرسىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. ئاڭلىسام، ئۇ ئايال ھېلىقى ياشقا تېرىقچە ھوقۇق بەرمەپتۇ، ماگىزىننى ئۆزى باشقۇرۇۋېتىپتۇ.

ھاشىم بوۋاينىڭ گەپلىرى ۋاسىفنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، بوۋاينىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتەي دەپ ئولتۇرغىنى بىلەن خىيالى باشقا يەردە ئىدى. «مەن ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن» دېدى ۋاسىف ئۆز - ئۆزىگە.

— ياق خەقلەرنىڭ ئۇ ئايال توغرۇلۇق قىلىغان گەپلىرىگە مەن ئىشەنمەيمەن ... مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ. شاكىر ئەپەندى ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ ئايال ھېلىقى ياشنى ئاشنا قىلىۋالغانىمىش. ئەل - يۇرتتىن پىنھانىۇ توتماي ھېلىقى ياش بىلەن ئۆيىدە ئويناپ يۈرگەنىمىش. زۇلەيخە شاكىر ئەپەندىگە پەقەت ياخشى قارىمىدى. خارلاپ قويدى... مەن، مەن بۇئىشلار- نى قىلچىمۇ بىلمەيمەن. مەيلى نېمە بولسۇن، زۇلەيخە ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ۋاپادار ئايالدەك قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. تاغاڭنىڭ ئۆلۈمىنى تەنتەنى- لىك ئۆزاتتى. قىرىقىدىن كېيىن تاغاڭنىڭ روھىنى خاتىر- جەم قىلىش ئۈچۈن جامائەت چاقىرىپ خەتمە - قۇرئان قىلدۇزدى، مەۋلۇد ئۆتكۈزدى. بۇ مەرىكىنى ئۆيىدە ئەمەس، مەسچىتتە قىلدى. ئەتىرگۈل شەربىتى، قەن - گېزەك مول بولدى... ناۋادا ئۇ قايتا ياتلىق بولغان بولسا...

ۋاسىف ھاشىم بوۋاينىڭ گېپىنى ئارىچىلاپ:

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى كۆرۈشكىلى بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆرۈشكىلى بولىدۇ، — دېدى ھاشىم بوۋاي، — كۆرۈشمەن دېسەڭ، ھەر كۈنى كۆرۈشەلەيسەن ... خەق لەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھەر كۈنى تاڭ ئاتماستا بازارغا بارىدىكەن، كەچكىچە شۇ يەردە بولىدىكەن. ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى باشقۇرىدىكەن، — ھاشىم بوۋاي قولى دىكى ئىستاكاننى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، — ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈڭ كېلىۋاتىدىغاندۇر ... لېكىن شۇ نەر سىنى ئۇنتۇما، ئۇ بەك خەسىس ... ساڭا ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىغا مېنىڭ ئىشەنچەم كامىل. ئۇ شاكىر ئەپەندى ئۆلگەندىن كېيىن نۇرىنىڭ ئاپىسىغا قارىمىدى ... ساڭا تېگىشلىك مىراسنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلى ۋالدى، — دېدى يەنە.

ۋاسىق چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كېتەمسەن؟

— ھەئە، ھاشىم تاغا، مېنى قەھۋە بىلەن مېھمان قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، خوش.

ھاشىم بوۋاي قوللىرىنى ئۇزىتىپ ۋاسىقنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە:

— تۈرمىدىن چىققىنىڭغا قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— نەچچە ئاي بولدى.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— بىكار.

ھاشىم بوۋاي يانچۇقىنى ئاقتۇرۇپ يۈز پىياستىرلىق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ، ۋاسىققا تەڭلەپ:

— مە، ئاله بالام. ئىش تېپىپ قولۇڭغا پۇل كىر-

گەندە بەرگەن. ئالدىرىماي بەرسەڭمۇ بولىدۇ، ياق، ئىككىلەنمە ئاله. مەن بۇنى چىن كۆڭلۈمدىن ساڭا قەرز ئورنىدا بەردىم، — دېدى.

ۋاسىف ئۆزىنىڭ بۇ پۇلنى قايتۇرالمايدىغانلىقىنى، بۇ هاشىم بوۋايغىمۇ ئايان ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. هاشىم بوۋاي ۋاسىفنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ: «ساڭا قەرز ئورنىدا بەردىم» دېگەنىدى. ۋاسىف بوۋاينىڭ قولىنى ياندۇرۇشقا پېتىنالمىدى. ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى ساقلىغۇدەك قۇدرەت هازىر ۋاسىفتا يوق ئىدى. ئۇ ئۆلۈۋالمىغانىكەن، ياشىشى، ياشاش ئۈچۈن ياشاشنىڭ ئامالىنى قىلىشى كېرەك.

— رەھمەت سىزگە، هاشىم تاغا، — دېدى ۋاسىف.

تالادا قار يېغىۋاتاتتى، ۋاسىفنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى.

— خوش ئەمسە، — ۋاسىف شۇنداق دەپ هاشىم بوۋاينىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ قەھۋەخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ يانتۇ كەلگەن يولدىن تۆۋەنگە قاراپ قاردا تېيىلىپ، ئالتۇن بۇرجەكتىكى كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە كېتىۋاتاتتى.

ئالدى تەرەپتىن ئۇرغان زەھەردەك ئاچچىق شامال ئۇستىخان-ئۇستىخىنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. قار بىر خىلدا يېغىۋاتاتتى. ۋاسىفنىڭ قول، پۇتى ۋە پېشانىسى، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا توختىماي كېتىۋاتاتتى.

ۋاسىف زۇلەيبەنى ئىزدەپ ماڭغانىدى. ئۇ بوۋاينىڭ

گەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ كەتمىدى. زۇلەيبەنى بىر كۆرۈشكە، يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرۈشكە زار ئىدى. ئۇ كاچ كۆۋرۈكىگە كەلدى. شىددەت بىلەن چىققان بوران ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئاچقۇزمىدى، ھاسىراپ، ھالسىزلىنىپ ئۆزىنى بازار تەرەپكە ئاتتى.

ۋاسىف بازارغا كىردى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە خۇددى بالا چېغىدا ئۆزى كۆرگەندىكىدەك قىلچە ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇراتتى. پوكەيلەرگە تىزىپ قويۇلغان نەرسىلەر، ئادەملەر، پىرىستان، يەنە شۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىدى. بىراق، ھازىر ئۆتكەن - كەچكەن ئادەملەرنى كۆرگىلى، پىرىستاندا يۇك چۇشۇرۇۋاتقان ياكى يۇك قاچىلاۋاتقان بىرمۇ ئادەمنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. بازارنىڭ ئىچى بىلەن پىرىستان چۆلدەرەپ قالغانىدى.

ۋاسىف تاغىسىنىڭ دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى، دوقمۇشتىن قايرىلىسىلا دۇكان كۆرۈنەتتى. جىمى ماگىزىنلارنىڭ ئەينەكلىك ئىشكاپلىرىنىڭ ئىچىگە ئوخشاشلا نەچچە رەت مېۋە يەشىكلىرى تىزىلغانىدى. ۋاسىف بىر پىرىكازچىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ پىرىكازچىك ماگىزىن ئالدىدىكى مېۋىنى خالتىغا قاچىلاۋاتاتتى. ياندىكى ماگىزىندا شىلەپە كىيگەن بىرەيلەن يۆلەنچۇكلۇك ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى. تاغىسىنىڭ ماگىزىنىنىڭ پارقىراپ تۇرغان ۋىۋىسكىسى كۆرۈندى، ۋاسىف:

زۇلەيبە، ئارتېين ئېرما مېۋە - چېۋە توپ سېتىش دۇكىنى

دېگەن خەتلەرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇدى. ۋاسىف بۇ

خەتلەرنى ئۇنلۇك ئاۋازدا نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتى. بۇ ماگىزىننى زۇلەيىبەنىڭ باشقۇرۇۋاتقانلىقىدىن ۋاسىفنىڭ خەۋىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش يەنىلا ئۇنى ھەيران قالدۇردى، بۇنداق ئىشلار ئادەتتە ۋاسىفقا غەلىتە تۇيۇلاتتى. ئۇ زۇلەيىبەنىڭ مۇقەددەس ئوبرازىنى قانداقسىگە ئاشۇ بىر پارچە ۋىۋىسكا بىلەن باغلىسۇن؟ بويلىرى تال چىۋىقتەك زىلۋا، نۇرلۇق، چىرايلىق كۆزلىرى ئويناق، ئېتىك ھەم خۇشال يۈرۈيدىغان خۇش ئاۋاز مۇشۇنداق بىر ياش چوكان ماگىزىندا تىجارەت قىلسا قانداق يارىشىدۇ.

ۋاسىف ماگىزىن ئىشىكىگە سەل يېقىن بېرىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ماگىزىنغا كىرسۇنمۇ؟ زۇلەيىبەنى سورىسۇنمۇ؟ ئۇ مۇشۇ تۇرقى بىلەن شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە زۇلەيىبەنىڭ ئالدىغا كىرمەكچىمۇ؟ زۇلەيىبەچۇ، زۇلەيىبە ئۇنى قانداق قارشى ئالار؟ ۋاسىفقا مۇشۇ پەردە، قۇرۇق يەشىكلەرنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ماگىزىننىڭ ئىچىگە قارىسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ماگىزىننىڭ ئىچى بوپبورۇق ئىدى. زۇلەيىبە ھەر ۋاقىت ئاشۇ ئۆيگە — بۇ ئۆي ھېسابات ئۆيى ئىدى — تۇتىشىدىغان پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان بولاتتى. گۈزەل رۇخسارى نۇرلۇق، نازۇك، لاتاپەتلىك زۇلەيىبە بەئەينى گىلاس دەرىخىنىڭ شېخىغا ئوخشايتتى. ۋاسىفنىڭ روھى قايتىدىن تىرىلسە، ئۇ مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىقتا چۆمۈلىدۇ، ناۋادا ئۇنىڭ ياشاۋېرىدىغان نىيىتى، بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئازابقا چىدايدىغان جاسارىتى بولسا، بۇنداق مۆجىزە زۇلەيىبەنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

ۋاسىف شۇ يەردە قىمىر قىلماستىن تۇردى. كۆزلىرى پۈتكۈل ماگىزىننىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى كۆرگىلى بولىدىغان چوڭ ئەينەككە تىكىلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ يەردە قانچە ئۇزۇن تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. ماگىزىننىڭ ئىچى بۇرۇنقىدەك قۇپقۇرۇق ئىدى. بۇنداق كۈنلەردە زۇلەيبە ئېرى بىلەن ھېساپات ئۆيىدە ... ئۇ شۇڭا چىقمىدى ... شۇنداق ئويلاپ ۋاسىفنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمىدى. ئۇ بۈگۈن زۇلەيبەنى كۆرەلمەي كەتسە، ئىككىنچى قېتىم يەنە كەلگۈدەك كۈچ - قۇدرىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى، ئۇ چاغدا، ۋاسىف ئۈچۈن ھەممە نەرسە تۈگەيتتى.

بىر ئادەم، خالتا كۆتۈرۈۋالغان، مال توشۇغۇچى بىر ئادەم ماگىزىن ئالدىغا بېرىپ، قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ ئىشىكنى ئاچتى. ۋاسىفنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان بىرىنىڭ ئاياغلىرىنى كۆرگەنىدى ... لېكىن بۇ شىبامت كىيگەن ئەر كىشى ئىدى. ۋاسىفنىڭ كۈتكىنى بۇ ئەمەس ئىدى. «شەك - شۈبھىسىزكى، پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان زۇلەيبەنىڭ ئېرى» ۋاسىف ئۆزىگە شۇنداق دېدى. لېكىن ئۇ خاتالاشقانىدى. ئۇنداق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان بىرىنىڭ، ئايال كىشىنىڭ پاچاقلىرىنى ... كەينىدىن بەدىنىنى كۆردى، ئۇ ئەرەنچە قارا پەلتو كىيىۋالغان ناھايىتى سېمىز ئايال ئىدى ... ئاخىر ئۇنىڭ ياغلىق چەككەن بېشى پەيدا بولدى. «ئۇ زۇلەيبەنىڭ ئاپىسى» دەپ ئويلىدى ۋاسىف.

ئۇ ئايال ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئاغزىدا

تاماكا، ماگىزىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى. مال توشۇ-
غۇچى خالتىنى قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش باشلىنىپ كەتتى. بۇنى
ۋاسىن ئۇلارنىڭ قول ھەرىكىتىدىن بىلدى. مال توشۇ-
غۇچى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكتىن چىققاچ كەي-
نىگە ئۆرۈلۈپ يىرگىنچلىك ئاۋازدا:

— مەن تالاشمايمەن. سىزنىڭ خەيىسلىككىزنى
بىلىمەن، زۇلەيبە خانىم، — دېدى.

ئۇ ئايالنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ كەي-
نىدىن ئىشىكنى مېڭىپ سىرتقا چىقتى. تۇيۇقسىز ھەرىكەت،
بىر پەس شامال بىلەن بېشىدىكى ياغلىقى يەرگە چۈشۈپ
كېتىپ، يۈزىنىڭ بىر قىسمى كۆرۈنۈپ قالدى. ۋاسىن بۇ
ناتونۇش ئايالغا قاراپ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى.
زۇلەيبە شۇ ئىدى. ھازىر زۇلەيبە تونۇۋالغۇسىز بوپكەت-
كەنىدى. زۇلەيبەنىڭ قاراشلىرى شەپقەتسىز، مەڭزىلىرى
قىپقىزىل، ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى. سېمىز
بەدىنىنى كالامپاي پۇتلىرى ئاران كۆتۈرۈپ تۇراتتى.
زۇلەيبەنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن قورققۇسى كېلەت-
تى. قوپال ھەم بوم ئاۋازدا ۋارقىرىسا، زۇلەيبە تېخىمۇ
قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرەتتى.

— مەن، مەن سارالڭ ئەمەس، باشقىلارغا ئەخمەق
بولىدىغان. بىلەمسەن؟ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرى-
لىشىغا يول قويمايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى زۇلەيبە.

ۋاسىن بۇرۇنقى جايىدا قىمىر قىلماستىن تۇردى.
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە توختىماستىن: «بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ مۇم-
كىنمۇ؟» دەيتتى ...

زۇلەيبە ۋاسىفنى كۆرمەي، ئاستا دۇكىنىغا كىرىپ
كەتتى. ئۇ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ پەلەمپەيگە قەدەم
باستى.
ۋاسىف ئاشۇ يەردە يەنە بىرنەچچە مىنۇت تۇردى.
ئۇ ھېچقاچان بۇنداق قورقۇنچلۇق چۈشنى كۆرۈپ باقمى-
غانىدى. قورقۇنچلۇق چۈشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئو .. -
نىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ خاتىرىسى-
دىكى زۇلەيبە، بۇرۇنقى زۇلەيبە ھازىر يوق ئىدى. چۈن-
كى ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇرۇنقى ئاشۇ زۇلەيبەنى، باش-
قا بىر زۇلەيبە، بازاردىكى زۇلەيبە ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى،
ئايال قاتىل! ... ۋاسىف يېڭىلىشىپ قالمىغاندۇ؟ ئۇ ياخ-
شى كۆرگەن ھېلىقى زۇلەيبە مۇشۇنداق ئاددىي بىر
نىقابتىنلا ئىبارەت بولغىيمىدى؟ ھەقىقىي، قورقۇنچلۇق ھەم
مال - دۇنياغا ھېرىس، ھېلىقى زۇلەيبە ئۆز مەقسىتىگە يې-
تىش ئۈچۈن مۇشۇ نىقابىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغان
بولغىيمىدى؟ ۋاسىف يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان، ئاشۇ نىقا-
بى بىلەن مەقسىتىگە يېتىشكە ئىنتىلگەن ۋە شۇنىڭ كو-
يىغا چۈشكەن زۇلەيبەنى ياخشى كۆرۈپ يۈرۈپتىكەن -
دە ... زۇلەيبە بايلىقنى ھەم راھەت - پاراغەتنى قوغلى-
شىش مەقسىتىدە بېيىش يولىغا ماڭغان ئەمەس. زۇلەيبە-
نىڭ پۇل تېپىشتىن مەقسىتى — پۇلغا تايىنىپ تىرىكچى-
لىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ساقلاش، يىغىش، شۇ
ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش. ۋاسىف پۈتۈن ھايا-
تىنى زۇلەيبە ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتتى. لېكىن شۇ تاپتا
ئاشۇ زۇلەيبە پەلەمپەيگە يامىشىپ ھېساب ئۆيىگە چىقىپ
كېتىۋاتىدۇ ... قورقۇنچلۇق بۇ زۇلەيبە بارلىقنى قۇربان

قىلىۋەتكەن ھېلىقى زۇلەيبەنىڭ روھىنى گۆشكە ئايلاندۇ-
رۇۋەتكەنىدى. ۋاسىفنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىلا غايىپ
بولغان زۇلەيبە مۇشۇنداق قىياپەتتىكە، بىر پارچە ھارام
گۆشكە ئاسانلا ئايلىنىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلى-
كى چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتتى. تەلەتىدىن مۇز
ياغىدىغان، ئالتۇن چىش سالدۇرغان، ئەرەنچە كىيىنىۋال-
غان بۇ ئالۋاستى جىمىكى چارىلەرنى ئىشلىتىپ بازاردا
پۇلى بار ئايال سودىگەرگە، نىئون چىراغلار بىلەن يېنىپ
تۇرىدىغان:

**زۇلەيبە، ئارتىپ ئىپرما مېۋە - چېۋە توپ تارقىتىش ماگىزىنى**
دېگەن ۋىۋىسكىدا ناھايىتى ئاسان ئايلىنىۋالدى.

ۋاسىفنىڭ ۋىۋىسكىدىكى چاقناپ تۇرغان خەتلەرگە
قارىغۇسى كەلمىدى، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ بازاردىن ئۈچ-
قاندەك چىقىپ كەتتى.

## III

تالادا قار ھېلىھەم يېغىۋاتاتتى، ھاۋا تۇتۇق. شەھەر-نىڭ كوچا چىراغلىرى لەپىلدەپ چۈشۈۋاتـقان قاردا گويا ئىستانبۇل ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنى يېڭـىلا يۇتۇۋەتكەنـدەك چاقناپ تۇراتتى.

ۋاسىف بىر نەچچە رومكا هاراق ئىچىپ مەيخانىدىن ناھايىتى كەچ چىقىپ كەتتى. ئۇ قەھۋەخانىغا كىرىپ بىر بۇلۇڭنى تېپىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. چاي ئىچـكەندىن كېيىن بايىقى ھارغىنلىق سەل بېسىلغانـدەك بولـدى. ئۇ ئۇستەلگە يۆلىنىپ، شۇنچىلىك ئېغىر، شۇنچىلىك ئازابلىق بېشىنى ئىكـكى قـولى بىلەن چىڭ قامالـلاپ تۇتـۇپ ئولتۇراتتى.

ۋاسىف ئۇخلىمىغانىدى، ئۇنى ھەم سەگەك دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئۇ كىـرىپ - چىقىـۋاتقان ئادەملـەرنى غـۇۋا كۆرەتتى. بەزىلەر خورەك تارتىۋاتاتتى، بەزىـلەر ئاغزىنى بۇزۇۋاتاتتى. قەھۋەخانىنىڭ ئىچى ئىسسىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىـرى ھـۆل بولـۇپ كەتـكەچكە، ئىچ - ئىچىدىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

ۋاسىفنىڭ قۇيقۇرۇق ئاشۇ كالللىسىدا نە خىـيال، نە تەپەككۇر يوق ئىدى. ئۇ ھاراق ئىچمىدى، ناھايىـتى ئاز تاماق يېدى. «ئۇخلىغان بولسام ئاجايىپ ياخشى بولاتـتى» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. ۋاسىف بارماقلىرى بىلەن

پېشانىسىنى، چېكىسىنى سىيلاپ، كۆزىنى يۇمدى. «ئۇخلىيالمىدىم، خىيال سۈرەلمەيدىغان بولدۇم. ھەرقانداق نەرسىنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى يوق» ئۇ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

دەرۋەقە، ۋاسىق زۇلەيبەنى، باشقا بىر زۇلەيبەنى، كۆزى بۇرۇن ياخشى كۆرگەن ھېلىقى زۇلەيبەنى يېڭىباشتىن كاللىسىغا ئەكىلىشكە تىرىشتى. نېمىدېگەن تەس ـ ھە! ئۇ قاتتىق ئويلىنىپ ئەسلىمىلىرىنىڭ ئىچىدىن زۇلەيبەنى تاپتى. زۇلەيبە ۋاسىقنىڭ كۆز ئالدىدا قايتىدىن پەيدا بولدى. ئۇ شادلىقتا چۆمگەن، جەزبىلىك، قىزغىنلىقتا تولغان، كۆزلىرى ئويناق بۇرۇنقى زۇلەيبە شۇ ئىدى، زىلۋا، نازۇك ۋە تەڭدىشى يوق گۈزەل زۇلەيبە شۇ تاپتا ۋاسىقنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى.

ۋاسىق كۆزلىرىنى ئاچسىلا زۇلەيبەدىن ئايرىلىپ، مەڭگۈ ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ كۆزلىرىنى يەنىلا يۇمۇپ ئولتۇراتتى. زۇلەيبە ئىلەڭگۈچتە ئىدى. ئىلەڭگۈچ ئاستا، تولىمۇ ئاستا ئۆرلەپ، پەسلەيتتى. زۇلەيبە تېخىمۇ ئېگىزرەك ئۇچۇش ئۈچۈن ئېگىلىپ يەنە رۇسلىناتتى. بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەۋاتقان ئىلەڭگۈچنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشتى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئىلەڭگۈچ ئۆرلەپ ـ پەسلەۋاتقان چاغدا قورقۇنچلۇق ھادىسە روي بەردى: ئىلەڭگۈچ ھەر بىر پەسلىگەندە زۇلەيبەنىڭ ۋۇجۇدىدا يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بېرەتتى. بۇ ئۆزگىرىش ئىلەڭگۈچنىڭ سۈرئىتىگە ئوخشاش بەك تېز ئىدى. ھازىرقى زۇلەيبە بىلەن بۇرۇنقى زۇلەيبە تېز سۈرئەتتە ئورۇن ئالماشتۇرماقتا ئىدى. ھازىرقى زۇلەيبە زەھەرخەندىلىك بىلەن

كۆلۈمسىرەپ قارايتتى. نېمىدېگەن شەپقەتسىزلىك! بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ۋاسىف كۆزىنى ئىچىشقا ھەر قانچە ئۇرۇنۇپمۇ كۆزىنى ئاچالمىدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى، ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەتتى. ۋاسىفنى قارا باسقانىدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغانىدى، بۇنداق قاتتىق ھارغىنلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى، ئەمما قۇتۇلالمايتتى. ئۇ ئىڭرايتتى ... چۈش كۆرۈۋاتاتتى ... كۆز ئالدىدىن ... بۇرۇنقى زۇلەيىبە غايىب بولغانىدى، كەلمەسكە كەتكەنىدى ...

— نېمە بولدىڭىز؟ سىزگە ياردەم قىلايمۇ؟ — بىرى قولىنى ۋاسىفنىڭ يەلكىسىگە قويىدى. ۋاسىف كۆزلىرىنى ئېچىپ يەلكىسىدە تۇرغان قولغا قارىدى ... بۇ ئايال كىشىنىڭ قولى ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرى ئايال كىشىنىڭ ھېغىشىغا، بىلىكىگە، ئاندىن مۇرىسىدىن يۇقىرىلاپ چىرايىغا بېرىپ توختىدى. ۋاسىف بۇ چىرايىنى كۆرۈپلا تونىدى. بۇ ئۆزى ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان قارا كەپكە كىيگەن ھېلىقى ياش ئايالنىڭ چىرايى ئىدى. ئۇ ئايال ئۈچىسىغا ماش رەڭ كالتە چاپان كىيگەنىدى، كۆزلىرىمۇ ماش رەڭ ئىدى. مۇشۇنداق غۇۋا قەھۋەخانىدا چاپىنى بىلەن كۆزلىرىنىڭ يارقىن رەڭگى ئادەمگە باھارنى ئەسلىتەتتى.

ۋاسىف ئۇ ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى. «ھەممە ئاياللارنىڭ ئاۋازى مۇشۇنداق يېقىملىق بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى، ھە!» دەپ ئويلىدى ۋاسىف. بۇ ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ، بارلىق ئانىلارنىڭ، يەنە

كېلىپ ئۆزى سۆيگەن قىزنىڭ، بولغۇسى ئايالىنىڭ، ئايالىنىڭ ئىگىچە ـ سىڭىللىرىنىڭ ... ئاۋازى ئىدى.

ئۆزىگە گەپ قىلغان ئايالنىڭ ئاۋازى ... پات ـ پاتلا چۈشىدە قۇلىقىغا كىرىپ قالىدىغان بۇنداق ئاۋاز ۋاسىفقا تونۇشلۇق ئىدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئاۋازدا گەپ قىلغان چاغلاردا ۋاسىف شۇنداق خوش بولۇپ كېتەتتى. زۇلەيىبە گەپ قىلغان چاغلاردا، ۋاسىف زۇلەيىبەنىڭمۇ ئاۋازىنىڭ شۇنداق بولۇشىنى قەۋەت ئارزۇ قىلاتتى!

كۆز ئالدىدىكى بۇ ئايال ۋاسىفنىڭ چۈشىمۇ ياكى خىيالىي تۇيغۇسىمۇ؟ مەيلى چۈش ياكى رېئاللىق بولسۇن، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن، قاراشلىرى غەمكىن ئۇ ئايال خەيرخاھلىق قىلغاندەك ۋاسىفقا قاراپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى.

ۋاسىف ئۇ ئايالنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەستىن دۇدۇقلاپ:

— سىز بۇ يەردىمىتىڭىز؟ ... — دېدى.

— ھەئە، — ئۇ ئايال شۇنداق دەپ بېشىنى ئەگدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ يەردە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟ ... بىزنىڭ ئارىمىزدىن نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟

— سوغۇقتىن پاناھلانغۇدەك يەرنى ئىزدەۋاتىمەن.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە بىر پەس قارىشىپ تۇردى، گەپ قىلىشمىدى، كېيىن ئۇ ئايال:

— مەن مۇشۇ يەردىن سوغۇقتىن پاناھلانغۇدەك يەر تاپقان بولسام، ھەقىقەتەن بەختلىك بولاتتىم، — دېدى.

— بەختلىك بولالاتتىم؟ ... — دېدى ۋاسىق سوغۇق كۈلۈپ.

— شۇنداق، بەختلىك بولالاتتىم. بىچارە، ئازراق بەختكە ئېرىشسەممۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلالاتتىم.

ۋاسىق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— بەخت ... مېنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغۇممۇ كەلمەيدۇ ... بۇنداق گەپنىڭ ئازراقمۇ ئەھمىيىتى يوق ... كىشىلەردە خام خىيال پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن، بۇ گەپنى لۇغەت سوستابىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك.

— خام خىيال! — دېدى ئايال ھەيران بولۇپ، — سىز بەختكە ئىشەنمەمسىز؟

— بەك غەلىتە سوئال سورىدىڭىز! سوئالىڭىزدىن شۇ قەدەر ساددىلىق، شۇ قەدەر مەسخىرە چىقىپ تۇرىدۇ! سىزچۇ، بەختكە سىز ئىشىنەمسىز؟

— مەن ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، بىز ئىلگىرى بەختكە پات - پات ئۇچراپ تۇراتتۇق، قەلبىمىزدە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ھېلىغىچە ساقلىنىۋاتسا، ئۇنىڭدىن گۇمانلانىساق قانداق بولىدۇ؟

— بەخت — خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس...

— لېكىن مەن ئىشىنىمەن، بەخت ھەقىقەتەن مەۋجۇت، دەپ كېسىپ ئېيتىمەن.

ۋاسىق بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— بەخت دېگەن خام خىيالغا، ئەرۋاھقا ئوخشاش نەرسە ... بەختنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن چېغىمىزدا، ئۇنى ئۆزىمىز يارىتىمىز، — دېدى.

— ھە؟ كېپىڭىز خاتا،— دېدى ياش ئايال ۋاسىف-
نىڭ گېپىگە ئۆزىنىڭ تارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، —
بەخت مەۋجۇت، مەيلى ئىشىنەيلى ياكى ئىشەنمەيلى، ئۇ
ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

— ئەمىسە بەخت نەدە؟ — ۋاسىف زاڭلىق قىلغان
تەلەپپۇزدا ئۇ ئايالدىن سورىدى، — ماڭا كۆرسىتىپ
بېرەلەمسىز؟

ياش ئايال مۇرىسىنى قىسىپ:

— نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن-
كى، سىز، مەن ۋە ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن يەر شارىنىڭ
مەلۇم بىر يېرىدە بەخت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك.

— سىز ئىشىنەمسىز؟

— ئىشىنەمسىز دەمسىز؟ مەن چوڭقۇر ئىشىنىمەن.
بەخت، بەلكىم، قۇياشنىڭ نۇرلىرىدا، بوغداي ئۈنچىسىدە،
ئادەملەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدە، ئەمگەكتە، دەم ئېلىشتا
بولۇشى مۇمكىن ... ئىش قىلىپ ھەممە يەردە بەخت
مەۋجۇت. راست، مەن، بەخت دېگەن ناھايىتى كىچىك،
ناھايىتى كىچىك تامچىلاردىن تەشكىل تاپقان، دەيمەن.
شۇڭا بەختنى ھەممە يەردە تاپقىلى بولىدۇ. بىر ئادەم
بەختنىڭ بىر تامچىسىغا ئېرىشكەن چاغدا ئۆزىنى بەختلىك
سېزىدۇ، كەينىدىن يەنە ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك ھېس
قىلىدۇ. بەخت تۇرمۇش بىلەن ئوخشاش مەنگە ئىگە.
بەخت تۇرمۇشتا بولىدۇ، بەخت بىر خىل ماسلىقنىڭ ئىپا-
دىسى. بۇنداق ماسلىقتا بۇ تامچىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك
بولىدۇ، زىددىيەت بولمايدۇ. بۇ بىر - بىرىدىن ئايرىل-
مايدىغان گەۋدە، ناۋادا سىز بەختلىك بولالمىسىڭىز، مەن-

مۇ بەختلىك بولالمايمەن. باشقىلار بەختلىك بولالمىسا، ھېچكىم بەختلىك بولالمايدۇ.
ئايال يەنىلا غەمكىن ھالدا مۇرىسىنى قىسىپ خۇلاسىلىغاندەك:
— سىز مەندىن، قانداق قىلغاندا بەختنىڭ نەدىلىكىنى تاپقىلى بولىدۇ، دەپ سورىماقچىمۇ؟ مېنىڭ بەختىمىز ئىكەنلىكىمنى ئۆزىڭىز ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇپسىز، — دېدى.
— داۋاملىق ئىزدەڭ! — دېدى ۋاسىق، — ئۆزىڭىز، بەخت بار، دېدىڭىز.
ئايال نۇرلۇق، چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ۋاسىقتا قاراپ، پەس ئاۋازدا:
— سىز مۇشۇلارغا پەقەت ئىشەنمەمسىز، ئەمىسە بايا نېمىشقا يىغلايسىز؟
— مەن يىغلىدىممۇ؟ ...
— ھەئە، شۇڭا مەن سىزدىن، نېمە بولدىڭىز؟ دەپ سورىدىم ... لېكىن سىز يىغلاۋەردىڭىز.
ۋاسىق قاپاقلىرىنى، يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغانلىقىنى بىلدى، ئىچى ئاچچىققا تولدى.
— ھە، — دېدى ۋاسىق، — كىشىلەر بەختلىك بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلىمايدۇ.
— كىشىلەر بەختكە ئىشەنگەن چېغىدا يىغلايدۇ، ئىشەنمىگەن چاغدا ھەرگىز يىغلىمايدۇ.
ئايال كۆزلىرىنى يۇمۇپ قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. ۋاسىق ئىچىدە: «ئۇ يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇمۇ يىغلاۋاتىدۇ. بۈگۈنكى مۇشۇ كېچە ئۇنىڭ تالادا ئۆتكۈزگەن بىرىنچى كېچىسى بولۇپ قالىدۇ. قورسىقىمۇ ئاچ-

دىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنىلا بەختكە ئىشىنىدۇ ... مەنچۇ، قانداقتۇر بەخت بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. مەن ھېرىپ، مادارى قۇرۇپ كەتكەن بىر سولتەك، دەم ئالمىسام بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى.

ۋاسىف ئادىراسمان پۇرايدىغان يوتقان - كۆرپە سېلىنغان پاكىز كارىۋاتنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ مەسخىرە ئارىلاش ئۆز - ئۆزىگە: «ھېلىقى ئايال دەۋاتقان بەختنىڭ تامچىسى مۇشۇ بولسا كېرەك. راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپ، ئاشۇ كارىۋاتتا قىسپىيالىغاچ ياتسا، نېمىدېگەن بەختھە!» دېدى. توختىماي ئېقىۋاتقان سۇ، مازغاپ چىقىۋاتقان سوپۇن، پاكىز ھەم ئاپئاق يوتقان - كۆرپە ... كارىۋاتتىن، سوپۇندىن، ھاۋادىن ... ھەممە يەردىن ئادراسماننىڭ خۇش بۇي پۇرىقى كېلىدۇ ... ۋاسىفنىڭ بۇرۇن ئاشۇنداق بىر كارىۋىتى بار ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ بولمايدۇ. ئۇ كارىۋاتنى ئۇنىڭغا ئاپىسى بەرگەنىدى، ئورنىنمۇ ئاپىسى سېلىپ بېرەتتى. بۇنداق كارىۋاتنى ئەمدى ئۇنىڭغا مۇھەببەتكە چۆمگەن، يوپيورۇق ھەم ئىسسىق ئۆيدە خۇددى كۆلەڭگۈدەك تىۋىش چىقارماي، ئەتراپىدا يۇرۇيدىغان ئاياللار بېرەلەيدۇ.

ۋاسىف كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى. ھېلىقى ياش ئايال ئۆز جايىدا خۇددى يېنىدا ئولتۇرغان ۋاسىفنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراق - يىراقلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. ۋاسىف بىردەم ئۇخلىماقچى بولۇپ كۆزلىرىنى يەنە يۇمدى. بۈگۈن ئاخشام ئۇ چاي پۇلىنى تۆلىيەلەيتتى، ئەتىلىككە چاي پۇلى تۆلىگۈدەك پۇلىمۇ قالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ بۈگۈن ئاخ-

شام ئۇبدان ئۇخلىۋىلىشى كېرەك ئىدى.

ۋاسىل كۆزلىرىنى يېرىم ئاچتى. ھېلىقى ئايال يېنىدا يوق ئىدى. ئايال ئازراقمۇ تىۋىش چىقارماي كېتىپ قال-غانىدى. ئادەتتىمۇ خۇددى بىر ئەرۋاھدەك «جىمجىت» پەيت-دا بولۇپ يەنە «جىمجىت» كېتىپ قالاتتى.

ۋاسىلىمۇ ئورنىدىن تۇردى، يوكەيسىگە بېرىپ پۇل تاپشۇردى.

— سىزگە ئامەت تىلەيمەن، — دېدى خوجايىن.

ۋاسىل مۇرىسىنى قىسىپ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن بەختلىكە، شۇنداقلا ئامەتكىمۇ پەرۋا قىلمايمەن» دېدى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا قارا كەيپىلىك ھېلىقى ئايالنى ئەسلەتتى. ۋاسىل ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى نېمىشقا بىلمەي قالدى؟ ئۇ ئايالنى قەھۋەخانىدىن مېڭىپ ئەمەس، بەلكى تېيىلغان پېتى چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېسە بولاتتى. ۋاسىل بايا ئۇخلاۋېتىپ ئۇ ئايالنى چۈشىگەنىدى، ئۇ ئايال يالىڭاچ ھالدا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆزىگە قاراپ كېلى-ۋاتقانىمىش ... پۇتلىرى بەك مۇزلاپ كەتكەنمىش.

قار چۈشكەنسېرى ئەدەپ، كېتىۋاتاتتى. ۋاسىلنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ قېتىپ قالدى. ۋاسىلنىڭ ئاشۇ ئايالغا يېتىشىۋالغۇسى، مۇزلاپ كەتكەن پۇتلىرىنى چۈشىدىكىگە ئوخشاش ئالىقىنىغا ئالغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئايال شۇ تاپتا بۇگۈن ئەتىگەندىنمۇ بەكرەك تىترەپ، چوڭ - كىچىك كوچىلاردا مېڭىپ يۈرىدىغاندۇ. بىچارە ئەخمەق! ئۆزى مۇشۇنداق بىچارە ئەھۋالدا تۇرۇقلۇق، بەخت توغرىسىدا سۆزلەشنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيدۇ! ...

بالدۇر چىققان بىر نەچچە ترامۋاي ئىشقا ماڭغان ئادەملەرنى لىق قاچىلاپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئادەملەر ئۆز-لىرىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ كېرەكلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

زەھەردەك ئاچچىق شىۋىرغاندا ۋاسىق قەدەملىرىنى سۆرەپ، كارغا كەلمەيدىغان بەستىنى قىمىرلىتىپ ئىلگىرى-لەيتتى. ئۇ، «خىزمەت — بەخت، ھېچ بولمىغاندا قارا كەپ-كىلىك ھېلىقى ئايال زوقلىنىپ دېگەن بەختىنىڭ تامچىسى» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭغا ئاشۇنچىلىك بەختمۇ نېسىپ بول-مىغانىدى. چۈنكى ئۇ خىزمەت تاپالماي يۈرەتتى.

ۋاسىق تۇرمىدە ھەر كۈنى ئەركىنلىككە، ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغان بەختلىك چاغلارنى ئويلىغان ھامان، كۆز ئالدىغا شۇ ھامان خىزمەت كېلەتتى.

ۋاسىق ھازىر ئەركىن ئىدى. قولىدا كويىزا، يېنىدا ئۇنى نازارەت قىلىدىغان نازارەتچىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئەر-كىن ئادەم ئىدى. نەگە بارغۇسى كەلسە، شۇ يەرگە بارا-لايتتى. ئۇنىڭدىن بىرەرى، تاماق يەۋاتامسەن ياكى ئۇخ-لاۋاتامسەن، دەپ سورىمايتتى، ئۇنى تاماق يېيىشتىن ھەم ئۇخلاشتىن ھېچكىم توسمايتتى. ئۇ ئەركىن ئادەم ئىدى... دېمەك بۇ، ئۇ تۇرمىدىن چىقتى دېگەن گەپ. ئەمما ۋاسىق يەڭگىلى بولمايدىغان بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، نائىلاج تۇرمۇشنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. ۋاسىق ئۆزىگە ئوخشاش ئاچلىقتىن ۋە ھارغىنلىقتىن ئۆلەر ھالەت-كە يېتىپ قالىدىغان بۇنداق ئەركىن ئادەم بولۇشنى، ئۇمىد قىلمىغانىدى. «ياق، ياق، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە يېنىش-يېنىش، — ئەركىنلىك بۇنداق بولماي-

دۇ، ئەركىنلىككە ياخشىراق تەبىر بېرىلىشى، ئەركىنلىك كىشىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئىنسانلارغا ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كاپالەتلىك قىلىشى، ئەركىنلىك پەقەت لۇغەتتىكى بىر تېرمىن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ناۋادا ئەركىنلىك بىلەن تۇرمۇش ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولماي، ئەركىنلىك سېنى نورمال ئېھتىياجىڭ قولى قىلىپ قويماي، ئەكسىچە، ئەتراپىڭدىكى شەيئىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈشۈشكە يول قويسا، بۇنداق ئەركىنلىك ساڭا بەخت بېرەلەيدۇ.

ۋاسىفچۇ، ۋاسىف ئاچلىقتىن ئۆلۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ساقچىلار قولىغا كويزا سالغان پەيت بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن پەيتنىڭ قايسىسى ھاياتىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق پەيت بۇنى ۋاسىف بىلمەيتتى.

ۋاسىف دەرغەزەپكە كېلىپ:

— مەن ئەركىنلىككە، بەختكە ۋە ھەممە نەرسىگە پەرۋا قىلمايمەن، — دېدى.

ۋاسىف كۆۋرۈككە كەلدى، كاردى - كىشاي پىرىستانىغا بارىدىغان پەلەمپەيگە چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قارا كەپكىلىك ھېلىقى ياش ئايالنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئايال بۇ يەردە كۆرۈنمەيتتى. مۇشۇنداق ئەتىگەندە ئۇ نەدە يۈرۈيدىغاندۇر؟ ۋاسىف كەينىگە يېنىپ يەنە كۆۋرۈككە كەلدى. قار توختىغانىدى، دېڭىز تەرەپتىن سوغۇق شامال ئۇرۇۋاتاتتى. تاڭ قاراڭغۇسىدا دولقۇنلاردىن چاچرىغان بۇژغۇن-

لارنى، پاراخوتلارنى، ساياھەت كېمىلىرىنى، ئۇنىڭدىن
باشقا ئىككى قىرغاق ئارىلىقىدا قاتناشقا باشلىغان ماتور-
لۇق كېمىلەرنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى.

ۋاسىق قولىنى يانچۇقىغا تىقىپ تۇنۇگۇن ئاخشام ھاشىم تاغا بەرگەن پۇلغا ئالغان تاماكىدىن بىرنى سۇغۇ- رۇپ ئالدى. سەرەڭگە ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇ تاماكىنى چىشلىگىنىچە كۆۋرۈكتىن ئۆتتى، كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدا ئىرمىنا ئۇۋۇيو مەيدانىدا بىر نەچچە سەرگەردان بالىلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئەخلەت ساندۇقىدىن ئەكەلگەن قەغەزلەرگە ئوت قويغانى- دى. ۋاسىق تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ كەپسىز بالىلارنىڭ يېنىغا باردى. ئون نەچچە ياشلارغا كىرگەن، ناھايىتى ۋىجىك بىر بالا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆيۈۋاتقان بىر پارچە قەغەزنى ۋاسىققا تەڭلىدى.

— تۇتاشتۇرۇۋېلىڭ، ئاكا.

— رەھمەت ساڭا، ئۇكام.

— رەھمەتنىڭ ئورنىغا، بىر تال تاماكا بەرگەن بولسىڭىز، بەك ئوبدان بولاتتى.

— بىر تال تاماكا؟ ... تاماكىنى نېمە قىلىسەن؟

— ئەجەب غەلىتە گەپ قىلىدىكەنسىز! تاماكىنى سىز نېمە قىلىسىز، ئاكا؟ مەن چېكىمەن.

— مۇشتۇمدەك تۇرۇپ تاماكا چېكەمسەن؟

— مۇشتۇمدەك تۇرۇپ دەمسىز؟ مەنچۇ ... تاماكا چېكىۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى.

— قالتىسكەنسەن! — دېدى ۋاسىق.

ۋاسىق ماڭاي دېيىشىگە ھېلىقى بالا ئۇنىڭ

يېڭىگە ئېسىلىپ:
— بىر تال تاماكا بېرىڭ، ئاكا، — دېدى كۆلۆپ، — تاماكىنىڭ ئوتىدا بۇرنۇمنىڭ ئۇچىنى ئىسسىتىمەن!
ۋاسىف مىيىقىدا كۆلۆپ ئۈنىڭغا بىر تال تاماكا بەردى.
سىركىت ۋوگزالىنىڭ پويىز كۆتۈش ئۆيى ئالامەت ئىسسىق ئىدى.
يېشىل پەلتو كىيگەن ئايال يەنە شۇ ئۆيدە ئىدى. ئۇ بىر پارچە يىرتىق لاتا بىلەن يۈزىنى ئېرتىپ ئەينەككە قاراۋاتاتتى. ئۇ ئايال ۋاسىفنى كۆرۈپلا:
— هوي بۇرادەر، تېچلىقمۇ؟ — دېدى.
ۋاسىف چۈشىنىكسىز هالدا قول ئىشارىتى قىلدى.
— هوي، هوي، — دېدى ئۇ ئايال، — دېگىنە، قار يەنە يېغىۋاتامدۇ؟
— توختاپ قالدى، — دېدى ۋاسىف مەشكە يېقىنلىشىپ.
ئۇ ئايال بىر پاي ئايىغىنى سېلىپ، كۆزگە يېقىن ئەكىلىپ ئايىغىنىڭ چەمگە قارىدى.
— قار ياغقاندا، چەمى نەچچە يەردىن تېشىلىپ كەتكەن ئاياغنى كىيىپ يول مېڭىش، تولىمۇ ئازابلىق ئىش.
ئۇ ئايال ئايىغىنى قايتىدىن كىيىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. ۋوگزال ئاشخانىسىنىڭ بىر مۇلازىمى ئۈستىدە بىرنەچچە ئىستاكان چاي بار پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.
— ماڭا بىر ئىستاكان چاي بەر! — دېدى يېشىل

پەلتو كىيگەن ئايال.

— ماڭا ئۇن پىياستىر بەر، — دېدى مۇلازىم.

— ئۇن پىياستىر؟ ... سەن ئالجىپسەن ... مۇشۇنداق چاغدا ساڭا ئۇن پىياستىر بېرەلەيدىغان ياۋاش ئايالدىن بىرنى ماڭا كۆرسەت، كۆرسەتسەڭ، بۈگۈن ئاخشام مەن ساڭا ئۇن پىياستىر بېرىمەن.

مۇلازىم مۇرىسىنى قىسىپ:

— خوجايىن نېسى بەرسەم ئۇنىمايدۇ، — دېدى.

— ماڭا نېسى بەرسەڭ ئۇنايدۇ.

— خوجايىن دەل سىزگە نېسى بەرسەم ئۇنىمايدۇ.

— بەچچىغەر! راست، سېنىڭ خوجايىنىڭ دېگەن گىتىنىڭ بالىسى. مېنىڭ تاپقان پۇللىرىمنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ ئەپەندى ماڭا ھېچنېمىسىنى نېسىگە بەرمەيدۇ ... ناھايىتى ياخشى!

— ئاغزىڭنى يۇم! — مۇلازىم شۇنداق دەپ كېتىشكە تەمشەلدى. بىر ئايال مۇلازىمنى چاقىرىپ:

— ئۇ خېنىمغا بىر ئىستاكان چاي، ماڭا بىر ئىستاكان چاي بىلەن نەچچە پارچە تورت بېرىڭ، — دېدى.

— ئاپىچاق، بۇ ئىشىڭىز قالتىس بەلەن ئىش بولدى ... رەھمەت سىزگە. بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىشىم ئوڭغا تارتتى، — دەپ تووۋلاپ كەتتى يېشىل پەلتو كىيگەن ئايال.

ۋاسفىنىڭ قۇيقۇرۇق كاللىسى يېڭىباشتىن ئېغىرلىشىپ كەتتى. ھېلىقى ياش ئايال چاي ئىچكەچ، تورتىنى يالماپ يۇتۇپ:

— قار ياغقان كۈنلىرى تالاغا چىقىشتىن ئاۋال

ئىسسىقراق نەرسە يەۋالسا، بەك ياخشى بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ ئايال بىردەم تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى.

— ھېلىمۇ سىز بولۇپ قالدىڭىز، مەن بەك خۇش. لېكىن مەن چۈشەنمىدىم، سىزدەك ياشانغان بىر ئايال مۇشۇنداق چاغدا بۇ يەردىن نېمىنى تاپالايدۇ، قارىغاندا سىز، بىزدەكلەرگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلىسىز ...

— مەن بىرى بىلەن مۇشۇ يەردە كۆرۈشىدىغانغا دېيىشىپ قويغان. ئۇ ئادەم تېخى كەلمىدى. شەھەر سىرتىدىن تۈنجى پويىزدا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۆتكەنكى بوراندا ئۆيۈم بۇزۇلۇپ كەتتى. ئاشۇ ئادەم ياساپ بەرمەكچى بولغانىدى.

— مېنىڭ، مېنىڭ ئۆيۈم بولغان بولسا، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ ئۆيۈمدىن بۇنداق ئەتىگەن چىقمىغان بولاردىم.

ۋاسىف كۆزلىرىنى ئاچمىدى، كىمنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ پويىز كۈتۈش ئۆيىگە كىرگەندە ھېچكىمنى كۆرمىگەنىدى. يېشىل پەلتو كىيگەن ئايال ئىستاكاننى ئۈستەلگە قويۇپ سىرتقا چىقماقچى بولدى.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ئاپىچاق، ساقلاۋاتقان ئادىمىڭىز كەلمىسە، بۇ يەردە ئىشىڭىزنى قىلىشىپ بېرىدىغان ئادەمدىن بىرى بار. ئۇ ناھايىتى ئوبدان يىگىت. سىز ئۇنىڭ ئەسكى چاپان كىيىۋالغىنىغا قارىماڭ. يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇ قالتىس چىرايلىق يىگىت بولۇپ كېتىدۇ. سىزمۇ بىلىسىز، ئىشسىزلىق دېگەن كاساپەت ... ھازىر ئۇنىڭ خىزمىتى، ئۆي - ماكانى يوق، ھېچنېمىسى يوق...

دېيىشكەن ئادىمىڭىزنى بولدى ساقلىماي دېمىڭىز، شۇ يىگىتنى ئاپىرىپ ئىشلىتىڭ. بەربىر ئوخشاش ئەمەسمۇ، قانداق؟

— بولىدۇ، چاتاق يوق. لېكىن يىگىت ئۆزى ئۇنامدۇ؟

— هوي، هوي، بۇرادەر، كۆزۈڭنى ئاچە، بۇ يەردە بىر خانىم ئولتۇرىدۇ، ناۋادا خالىساڭ، موماينىڭ ساڭا قىلدۇرىدىغان ئازراق ئىشى بار ئىكەن.

— ماڭا گەپ قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى ۋاسىف كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ.

يېشىل پەلتو كىيگەن ئايال ۋاسىفقا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ:

— ئاۋۇ تەرەپتە ئولتۇرغان ئايالغا قارا. ئازراق ئىشىم بار ئىدى، قىلىپ بەرگەن بولسا، دەيدۇ. ئۆيىنىڭ بوراندا بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ياساپ بېرىدىكەنسەن ... بۇ ئىشنى خۇشاللىق بىلەن قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. قارا، مەن دېگەن ئايال ئەنە ئاشۇ شۇ.

ۋاسىف ياشىنىپ قالغان ئۇ ئايالغا قارىدى. ئۇ يۈزىگە قارا تاۋار چۈمبەل تارتىۋالغان ئايال ئىدى. چۈمبىلى سەل كونا بولسىمۇ، لېكىن پەم بىلەن دەزماللانغانىدى. چۈمبىلىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىۋالغان ئاپئاق ياغلىقى بىلەن بېشىنى، يۈزىنى ۋە قولىنىڭ بېغىشىنىمۇ ئورىۋالغانىدى. ئۇرقىدىن تەربىيە كۆرگەن ئاياللىقى چىقىپ تۇراتتى. يۈزىنى قورۇق باسقان بولسىمۇ، يوغان كۆزلىرىدىن چاقنىغان ياشلارغا خاس قاراشلىرى ۋاسىفقا ئاپىسىنىڭ قاراشلىرىنى ئەسلەتتى. ئۇ ئايال هەيران بولغان تەرىزدە

خۇددى بۇرۇندىن تارتىپ تونۇيدىغاندەك ۋاسىقا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.
يېشىل پەلتو كىيگەن ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— گەپ قىلە ... دېگەن گەپلىرىمنى ئۇقتۇڭمۇ؟ گەپ قىلىۋاتىمەن، ئۇ ئايالنىڭ ئازراق ئىشى بار ئىكەن، قىلىپ بەرگەن بولسا، دەيدۇ، ناۋادا ئۇنىساڭ.
ۋاسىق ئاڭقىرالماي، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:
— ئىش، كىممۇ مېنى ئىشقا سالار؟ — دېدى.
— كۆزۈڭنى ئاچە، ئەخمەق. بايا دېگەن گەپلىرىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ گېپىمگە قۇلاق سال. بۇ خانىمنىڭ ئازراق ئىشى بار ئىكەن، سېنى قىلىپ بەرسىكەن، دەيدۇ. ئىش قىلىشنى خالامسەن؟
ۋاسىق ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئەلۋەتتە خالايمەن، مەن ئىش ئىزدەپ يۈرەتتىم، — هاياجانلانغانلىقىدىن ۋاسىقنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەندەك.
— كۆرۈۋاتامسىز؟ ئاپىچاق، قىلىدىغان ئىش بولسا، ئۇ قالتىس خۇش بولۇپ كېتىدۇ.
يېشىل پەلتو كىيگەن ئايال ئۆرۈلۈپ:
— هوي! تەلەيلىككەنسەن! ... بۈگۈن ئۇ ئايالنى ئالدىڭغا خۇدايىم ئەۋەتتى، — دېدى - دە، ئاندىن ھېلىقى ياشانغان ئايالغا قاراپ، — خوش ئەمىسە، ئاپىچاق، مەن سىزگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئەگەر مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى نازارەتچى ئەپەندى بىلىپ قالسا، قۇلىقىمنى سوزغان پېتى مېنى بۇ يەردىن ھەيدەيدۇ.
يېشىل پەلتو كىيگەن ئايال پويىز كۈتۈش ئۆيىدىن

يۇگۇرۇپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى. ۋاسىف ياشانغان ئۇ ئايال-دىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي:

— ماڭا قىلدۇرماقچى بولغان ئىشىڭىز ئالاھىدە ما-ھارەت تەلەپ قىلمايدىغان ئىش بولسىكەن دەيمەن، — دېدى.

— تەلەپ قىلمايدۇ، — دېدى ياشانغان ئايال، — بوران تاختاي تامنى ئۆرۈۋەتتى، دەرەخنىڭ بىر نەچچە تال شېخىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئوڭشايدىغان يەر بەك ئاز.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — دېدى ۋاسىف، — مەن چوقۇم ئوڭشاپ بېرىمەن، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە خىز-مىتىڭىزدە بولىمەن ...

— ماڭا يىلى، — دېدى ئۇ ئايال، — ئۆيۈم يېقىن يەردە.

ۋاسىف ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

ۋاسىفنىڭ قەدەملىرى ناھايىتى يەڭگىل ئىدى — بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى — تۇرمىدىن چىق-قاندىن بېرى قەدەملىرىنىڭ بۇنداق يەڭگىل تۇيۇلۇشى تېخى بىرىنچى قېتىم ئىدى.

ئۇلار بىر نەچچە كىچىك كوچىدىن چوڭ يولغا چىق-تى. يولنىڭ بىر تەرىپىدە قەدىمىي خان سارىيىنىڭ تاملى-رى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۈچ قەۋەتلىك كىچىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ قىزىل سىرلانغان، ئىستان-بۇلدا ئاسان كۆرگىلى بولمايدىغان كىچىك بىنالارغا ئوخشاش بىنا ئىدى.

يوغان تەكىنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخلىرى دېرىزىنىڭ

ئالدىنى بىر ئالغانىدى. ساڭگىلاپ تۇرغان مۇزلار ئەتىـ گەنلىك قۇياش نۇرىدا تەكتە ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇمـ دەك يالتىرايتتى.

بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ھاياجانلانغىنىدىن ۋاسىفنىڭ يۈرىـ كى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئـون ئىككى يىلدىن بېرى ھەقىقىي بىر ئىنسانىنىڭ ئۆيىگە بىرىنـ چـى قېتىـم كىرىشى ئىدى.

ۋاسىف چاققانلىغىنە ئىچكىرىكى ھويلىغا كىردى. باسـ قۇچلىرى ئالامەت كەڭ پەلەمپەي دەھلىزگە تۇتىشاتـتى. ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى دەھلىزگە قارايتتى پەلەمـ پەيگە بىر پارچە ئاپئاق كاناپ، پەلەمپەينىڭ تۆۋىگە گىـ لەم ئورنىغا پاكىز بورا سېلىنغانىدى. بىر چەتتە ئەچچـە كىشىلىك كېپىش، ئۇنىڭدىن باشقا بىر كىشىلىك يـاغـاچ كەش تۇراتتى. ۋاسىف دېكراتسىيىدەك بۇ مەنزىرىلەرگە دېـ مىنى يـۇتـۇپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلـۈك چاغلىرى مۇشۇنداق مەنزىرىلەر ئىچىدە ئۆتكەنىدى.

ۋاسىف شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋاسىفقا ئايلىنىپ قېلىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى! ئۇ چىنىـدەك پـاكىز ئۆيگە مەينەت پېتى كىردىشتىن نومۇس قىلدى. شۇڭا ئەيـ مىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان جايىدا ياغاچـتەك تۇرۇپ قالدى.

ھېلىقى ئايال يېقىملىق ئاۋازدا:

— بۇياققا كېلىڭ، بالام، — دېدى.

ئايال كىشىنىڭ مۇشۇنداق يېقىملىق ئاۋازىنى ئـاڭـ لاپ، قاراشلىرى پەرقلەندۈرۈۋالغۇسىز دەرىجىدە ئاپىسىنىڭ قاراشلىرىغا ئوخشايدىغان، ياشانغان بۇ ئايالنىڭ يېقىمـ

لىق ئاۋازدا ئۆزىنى: «بالام» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ۋاسىفنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى.

— ئايىغىم لاي، — دېدى ۋاسىف دۇدۇقلاپ.

ئۇ ئايال ئېگىشىپ ئايىغىنى سالدى. كىپىشىنى كەتيىپ، يېپيېڭى ئەرەنچە كىپىشنى ۋاسىفقا تەڭلىدى. ۋاسىفنىڭ پۇتىدا يۇمشاق كىپىش، ئايالنىڭ كەينىدىن پەلەمپەي بىلەن مېڭىپ ئۆيگە بىللە كىردى. ئۆينىڭ بىر دېرىزىسى ئوچۇق ئىدى. تامغا يۆلەپ بىر ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇلغان، ئۇستىگە دېرىزىنىڭ پەردىسىگە ئوخشاش ئاپئاق كىرلىك يېپىلغانىدى. ئۆيدە چويۇن مەش، چوغدان، بىر ئۇستەل، بىر چاي ئۇستىلى ۋە بىر نەچچە ئورۇندۇق بار ئىدى. ئۆيدىكى بارلىق بىسات مۇشۇ ئىدى.

ياشانغان ئايال بىر كىچىك ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ۋاسىفقا:

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

ئايال چۇمبىلىنى ئالدى، ئەمما بېشىدىن ھېلىقى ئاق ياغلىقنى ئالمىدى، ياغلىق مۇرىسىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇ چوغدانىنى ئۇزۇن ئورۇندۇققا قويۇپ ۋاسىفنىڭ يېنىغا كەلدى -دە، ئورۇندۇقنىڭ ئۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ قەھۋە قايىنىتىشقا كىرىشتى. ۋاسىف ئۇنىڭ ئېھتىيات بىلەن قوشۇق تۇتقان قولىغا قارايتتى. ئايال كورىدىكى قەھۋەنى قوشۇق بىلەن زېرىكمەي ئارىلاشتۇراتتى. قەھۋە تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇ لىق بىر ئىستاكان قەھۋەنى ۋاسىفقا بەردى.

— تاماكا چېكەمسىز؟ — دەپ سورىدى ۋاسىفتىن.

— رەھمەت.

ياشانغان ئايال ۋاسفنىڭ قەھۋە ئىچىشكە قارىغىنىچە گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇراتتى.

— بولدى، ئەمدى ئىشلەي! — ۋاسف شۇنداق دەپلا ئىستاكاننى پەتنۇسقا قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئايالمۇ.

ئۇلار گۈللۈككە چىقتى. بۇ گۈللۈك ۋاسف كىچىك چاغلىرىدا ئوينىغان، ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار بولغان ۋاقىتتا ھېلىقى قىزنى كۆرگەن گۈللۈككە تولىمۇ ئوخشايتتى ھەم بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدىكى ئاشۇ گۈللۈككە ئوخشاش چىرايلىق گۈللۈك ئىدى ... گۈللۈكنىڭ بەزى يەرلىرىگە قارىغاندا بەزى يەرلىرىدە قار قېلىن ئىدى. ھەممە يەر ئاپئاق ئىدى. بىر نەچچە قۇشقاچ سەكرىشىپ يۈرۈشەتتى. ۋاسف ئاۋۋال گىلاس دەرىخىنىڭ سۇنۇپ كەتكەن شېخىنى كېسىۋېتىپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ۋاسف ئۇزۇن بىكار يۈرۈپ كەتكەچكە، پۇت - قوللىرى قېتىپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا خېلى كۈچەشكە توغرا كېلىۋاتاتتى. بىر ئاز ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىمۇ كۆنۈپ قالدى.

چۈش بولغاندا، ھېلىقى ئايال تاماق تەييار بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋاسفقا ئىشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇڭ، دېدى. ۋاسف كۆڭلىدە، بۇ ئايال مېنى ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تاماق بېرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئايال كىچىك شىرەنىڭ ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، ئۇنى مېھمان سۈپىتىدە كۈتتى. ۋاسف شۇ تاپتا

پويىز كۆتۈش ئۆيىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا ئەمەس، بەلكى داستىخان سېلىنغان پاكىز شىرەدە تاماق يەۋاتاتتى. بىرەر پارچە بولكىنى هايۋانغا ئوخشاش كۆۋرۈك ئاستىدا يېگەندىن، داستىخان ئالدىدا يېيىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - هە!

بۇ ئايال قۇرۇق گەپنى ياقتۇرمايدىغان ئايال ئىدى. ئۇ هېچنېمە دېمىدى، ۋاسىفتىنمۇ گەپ سورىمىدى.

ۋاسىف ئىشنى ناهايىتى كەچ تۈگەتتى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بۇ ئۆيدىن كېتەتتى، ئىككىنچى كەلمەيتتى. ۋاسىف بۇ ئۆيدىن چىقىپلا كەتسە، سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى يەنە باشلايتتى. بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىرىشنىڭ هۇزۇرىنى ئەمدى سۈرەلمەيتتى. ئۇ سوغۇقنى، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان كېچىنى ئويلىدى، يۈرىكى ئېغىپ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كەتتى. ئاخىر ئۇ ئىش تۈگىگەنلىكىنى ئېيتقىلى ئۆيگە كىردى.

— رەهمەت بالام، سىزگە، كەينىمدىن مېڭىڭ، مەن سىزگە ئىسسىق سۈتەييارلاپ قويدۇم. سىزنى شۇ تاپتا بىر يۇيۇنۇۋېلىشنى خالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئىشتىن كېيىن يۇيۇنسا، ئادەم راهەتلىنىپ كېتىدۇ. مەن سىزگە بىر كۆڭلەك، كالتە چاپان هەم ئىشتان بېرىمەن، كىيىڭ. بىر دوستۇمنىڭ ئوغلىغا بېرىمەن، دەپ تەييار قىلىپ قويغانىدىم، ئۇ كەلمەكچى بولغان. ئەمدى بۇ كىيىملەر سىزنىڭ كىيىشىڭىزگە مۇناسىپ، چۈنكى سىز ماڭا ئىش قىلىپ بەردىڭىز.

ئىسسىق سۇ، سوپۇننىڭ خۇش پۇرىقى، پاكىز كۆڭلەك — بۇلارنىڭ هەممىسى ۋاسىف ئۈچۈن بەخت ئىدى. هېلىقى ئايال ۋاسىفنىڭ روهلۇق، پاكىز بوپكەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەمدى، كەچلىك تاماق يەيسىز، — دېدى كۆلۈمسىرەپ.

— كەچلىك تاماق؟ — دېدى ۋاسىق، — مەن ئۆزۈمنى سىزنىڭ ناھايىتى كۆپ ھىممىتىڭىزگە ئېرىشتىم، دەپ ئويلايمەن.

— ھە! — دېدى ئۇ ئايال، —، بۈگۈن ئاخشام كەچلىك تاماقنى سىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يېيىش — مەن ئۈچۈن ھەقىقىي خۇشاللىق ئىدى. سىزنى بىسرەرى ساقلاۋاتامدۇ؟

— ياق، ھېچكىم ساقلىمايدۇ.

— ئەمىسە، مەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشكە ماقۇل، بولۇڭ، يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش بەك ئازابلىق.

— راست، — ۋاسىق شۇنداق دەپ ۋەھىمىلىك يالغۇزچىلىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. يالغۇزلۇق خۇددى قورقۇنچلۇق دۈشمەندەك ۋاسىقنى يولدا پايلاپ تۇراتتى.

ۋاسىق شۇنداق قىلىپ كەچلىك تاماققا تۇتۇلۇپ قالدى. تاماقتىن كېيىن شىرەنىڭ ئۈستىنى، چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇشۇپ بېرىپ، مەيۇس ھالدا:

— ئەمدى مەن كېتەي، — دېدى.

ياشانغان ئايال ۋاسىقنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان چېكى يوق كېچىدىن، جاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان سوغۇقتىن قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالدىمۇ ياكى بۇنداق ئوي قانداقلارچە كاللىسىغا كېلىپ قالدى، بۇنىسى نامەلۇم، ئىشقىلىپ ۋاسىق ئىشىكنى ئېچىشىغا سوغۇق شامال گۈرۈلدەپ كىرىۋىدى، ئۇ ۋاسىقنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، يېپىنغاندەك ئاۋازدا:

— كەتمەك، مۇشۇنداق سوغۇق كېچىدە نەگە بارىسىز؟ ... ئۇستۇنكى قەۋەتتە بىر ئېغىز ئۆي بوش، مەن سىزگە شۇ ئۆيگە ئورۇن راسلاپ بېرەي، —دېدى.

ۋاسىف نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. سىرتتا شامال قاتتىق ئىدى. غۇۋا ئاي نۇرىدا يولدىكى شېغىللار كىرىستالدەك پارقىرايتتى.

— مېنىڭ ئەمگىكىم بەدىلىگە قايتۇرغانلىرىڭىز ھەقىقەتەن ئارتۇق بوپكەتتى، راستىنىلا ئارتۇق بوپكەتتى ...

— بولدى بۇ گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ، بالام ... — دېدى ئايال، — ماڭا ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن بۇنداق قىلىۋاتقىنىم يوق ... ھاۋا بەك سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئېغىز ئۆيۈم ئۇزۇندىن بۇيان بوش تۇرىدۇ...

ۋاسىفنى خىجىل قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن بولسا كېرەك، ياشانغان ئايال چوڭقۇر خەيرخاھلىق ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىنى ۋاسىفتىن قاچۇردى.

ۋاسىف ئىشىكنى يېپىپ ئۆزى يالغۇز ئۆيدە قالدى.

ئۆي ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ۋاسىف تىترەپ تۇرۇپ قېلىن يوتقانغا كىردى. يۈرىكى نەپەس ئالالمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق سوقۇپ كەتتى ... چۈنكى پاكىز يوتقان سىلىنغان كارىۋاتتىن ئادىراسمانىڭ خۇشبۇي پۇرىقى كېلەتتى. بۇ پۇراق ۋاسىفقا ئائىلىسىنى، بالىلىق چاغلىرىنى، ئاپىسىنى ... بولۇپمۇ ئاپىسىنى بەكرەك ئەسلىتەتتى. ۋاسىف بەختنى ئويلىدى، بەخت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قارا كەپكىلىك ھېلىقى ئايالنى كەلتۈردى. بۇ چاغدا ئۇ ئايال نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇ ئايال مۇشۇنداق سوغۇق كېچىدە

بەختىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەچ، كوچىلاردا ئاي-
لىنىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ بۈگۈنكى بۇ كېچە سوغۇقتىن پاناھ-
لانغۇدەك ماكان ئىزدەپ يۈرگەن ئاشۇنداق ئاجىزەلەر ئۈ-
چۈن ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق. ۋاسىف پاكىز كارىۋاتتا يې-
تىپ بىردىنلا بىئاراملىق ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ باشقى-
لارنى، بولۇپمۇ ھېلىقى بىچارە ئايالنى ئويلىدى. چىرايى
تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن، ياداپ جەينەكتەك بولۇپ قال-
غان ئاجىز بۇ ئايال شۇ تاپتا كېچىلىك ئۇيقۇغا چۆك-
كەن مۇدھىش شەھەرنىڭ سوغۇق كوچىلىرىدا ئايلىنىپ
يۈرەتتى.

ۋاسىف بىر كېچىلىك بولسىمۇ ئۆزىنى پاجى-
ئەلىك تەقدىردىن تارتىپ چىققان ئۇ ئايالدىن مىننەت-
دار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقلىرى پۈتۈنلەي
دېگۈدەك غايىب بولدى. چۈنكى ئۇ مېھىر - شەپقەت ئار-
قىلىق بەختكە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاق
كۆڭۈل ئۇ ئايالنىڭ خەيرخاھلىقىغا تولغان يۈرىكى بار
بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن رېئاللىقنى ئۆزگەرتكۈدەك ئىقتى-
دارى يوق ئىدى. بۇ رېئاللىق ئۆينىڭ سىرتىدا، چوڭ
يولنىڭ دوقمۇشىدىلا ئىدى. تۇرمۇش كاپالەتكە ئىگە بول-
مىغان يەردە بەخت بولمايتتى.

ۋاسىف ئەتىسى دەم ئالدى، ئىسسىق ھەم پاكىز كى-
يىملەرنى كىيدى. ئۇ يەنى بۇرۇنقىدەك تۇرمۇش كەچۈ-
رۈشتىن، سەرگەردانلار بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ، ھەر
جايدا دوقۇرۇپ يۈرۈشتىن ھېچقاچان ھازىرقىدەك بەزگەن
ئەمەس ئىدى. ئۇ ئايال سوغۇققا دالدا بولغۇدەك كىيىم -

كىچەك بەرگەن بولسىمۇ، ئىزغىرىن شامالدا ئۇ يەنىلا تىترەيتتى.

ۋاسىق ياشانغان ئايالنىڭ يېنىدىن كېتىدىغان چاغدا:

— ھەممىڭىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى قانداق قايتۇرۇشۇمنى راستتىنلا بىلمەيمەن، — دېدى.

ياشانغان ئايال ئاددىي قىلىپ:

— بۇ ناھايىتى ئاسان، مەن سىزنى ئاز - تولا خۇش قىلغان بولسام، قىلغان ياخشىلىقىمغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىشىڭىزنى سورايمەن. ... مەن قاتتىق غېرىبچە- لىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان موماي، بالام، ئۆيۈمگە پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ ... شۇنداق قىلسىڭىز مېنى رازى قىل- غان بولىسىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

ۋاسىق ئۇ ئايالنىڭ كۆڭلىنىڭ خالىسلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۆيىگە ئۇتتەك كەلگۈسى بار ئىدى. ھاجەتمەن، ماكان- سىز بىچارە سۇپىتىدە ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستى- گە ۋاسىق مۇشۇنداق يىلىلقىلىقتا، مولايىم ئۇ ئايالنىڭ مۇ- شۇنداق كۆيۈمچانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئېرىشىشكە مۇھ- تاج ئىدى. ئۇ ئايال ۋاسىقنى باشقا بىر ئادەم قىلىپ قويدى. ۋاسىق شۇنىڭدىن دۇنياغا بېگىدىن تۆرەلگەندەك، ئۆزىنىڭ تىرىك مۇردا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

ۋاسىق ئىككى ئاخشامنى كىچىك بىر مېھمانخانىدا ئۆتكۈزدى. ئارىلىقتا بىر نەچچە سائەت ۋاقتىنى چىقىرىپ كاردى. كىناي پىرىستانىغا بېرىپ كەلدى. ۋاسىق نېمىشقا

ئۇ يەرگە بارىدۇ؟ بەلكىم ھېلىقى قارا كەپكىلىك ياش ئايالنى كۆرۈش ئىستىكىدە بارىدىغاندۇ؟ نېمىشقا بارغانلىقىنى ۋاسىفنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. مەيلى نېمە بولسۇن، ۋاسىف بارغان ھامان ئاشۇ ئايالنى ئىزدەيتتى. يوق بولسا خاتىرجەمسىزلىنەتتى ھەم ئۈمىدسىزلىنەتتى.

ئۈچىنچى ئاخشىمى ۋاسىفنىڭ يېنىدا مېھمانخانىدا ياتقۇدەك پۇلى قالمىدى. ئۇ قەھۋەخانىغا كىرىشتىن بىزار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا كىرمەكتىن باشقا يول يوق ئىدى. «بۇ تۇرمۇش يەنە باشلاندى، مېنىڭ ھەقىقەتەن بۇنداق ئۆتكۈم يوق ئىدى» دەيتتى ۋاسىف ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ مەيلى قانچىلىك بىزار بولسىمۇ، قەھۋەخانىدا قىمار قىلماستىن ئولتۇراتتى، كۆزلىرىنى ئىشىكتىن ئۈزمەيتتى ... ئۇخلاي دېسىمۇ ئۇخلىيالمايتتى.

ۋاسىف سائەت ئالتە بولغاندا قەھۋەخانىدىن چىقىپ كەتتى. كالاتاغا بېرىش ئۈچۈن كۆكساقال كوچىسىدىكى پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئۇ بۇ ئاۋات تاركوچا بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بىر كىچىك دۇكاننىڭ ئالدىدا توختاپ قالدى. خىيالىدا دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىۋاتقان سودىگەردىن قىلىدىغان ئىش بارمۇ؟ دەپ سوراپ باقماقچى بولدى.

ۋاسىف دەسلەپىدىلا رەت قىلىشقا ئۇچرىدى، ئەمما مەيۈسلىنىپ كەتمىدى. «ئازراق پۇل تاپمىسام بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋاسىف، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئىككىنچى سودىگەرنىڭ، ئاندىن يەنە ئۈچىنچى سودىگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا:

— مەن بىر ئىشسىز ئادەم، بىر نەچچە تەڭگە تې-

پىش ئۈچۈن ھەر قايسىمىزنىڭ ئاز - تولا ئىشنى قىلىپ بەرسەم قانداق؟ — دېدى.

ئۈچىنچى سودىگەر ئۇنىڭغا بىر ئەخلەت تۈگمىنى تۆككۈزدى، بەشىنچى سودىگەر ئىككى يەشىكنى يۆتكەتتۈردى. ۋاسىف بۇ ئىشلارنى ناھايىتى بېرىلىپ قىلدى.

بىر يەكشەنبە ئۆتۈپ كەتتى. ۋاسىف مەلۇم بىر كۈنى ھېلىقى قىزىل سىرلاقلىق ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر تۈگۈنچەك بار ئىدى. ئاددىي سوۋغىنى كۆرۈپ ياشانغان ئايالنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى.

ۋاسىف ئۆيگە كىرىپ چوغدانىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن مومايىنىڭ قورۇق باسقان چىرايىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا بىر ھەپتە تارتقان جاپاسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. ۋاسىف مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بىر نەچچە تەڭگە تېپىش ئۈچۈن دۇكانمۇ - دۇكان قاتراپ، كىشىلەر ئىشىكىدە ئىش قىلدى.

ۋاسىف شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭىباشتىن دۇرۇس يولغا مېڭىشىغا ياردەم قىلغانلىقىنى شۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە دېگىلى، بۇ تىنچ ئۆيگە يەنە بىر قېتىم كېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغانىدى.

ۋاسىف ئۇ ئايالنىڭ يېنىدا ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايتتى. ئۇ ئايال ئىچ ئاغرىش ياكى مېھىر - شەپقەت يۈزىسىدىن، بىچارە ھەم ناتونۇش ۋاسىفنى قورقماي ئۆيگە ئەكەلدى ۋە قوندۇرۇپ قېلىشقا تەۋەككۇل قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىسسىق ئۆيى بار ئىدى، شۇڭا ۋاسىفنىڭ سىرغۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە بوران چىقىۋاتقان تالادا قاڭقىپ

يۈرۈشكە چىدىمىدى. ياشانغان ئايالنىڭ يېنىدا ۋاسىف ئۆزىنى بەختلىك سانايتتى.

ۋاسىف بۇ شاپائەتچىسىدىن مىننەتدار ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمۇ چەكسىز ئىدى. ئۇلار پات - پات يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى، ئۇلارنى بىر خىل چوڭقۇر ھېسسىيات بىر - بىرىگە باغلاپ تۇراتتى.

ياشانغان ئايال ئۆزىگە قارىغان چاغدا ۋاسىف ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر - شەپقەتنى بايقىدى. ئۇ ۋاسىفنىڭ ھالىدىن بىلىندۈرمەي خەۋەر ئالدى، بۇرۇنقىدەكلا ۋاسىفتىن ئارتۇق گەپ سورىمايتتى، خۇددى ئۇزۇندىن تارتىپ تونۇشتەك ئىمكان بار كۆپ سۆزلىمەيتتى.

ۋاسىف ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئىش ئىزدەپ سەھەر چىقىپ كېتىپ، نامازشامدا قايتىپ كېلەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ياشانغان ئايال ۋاسىفنىڭ ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ئوغلۇمنىڭ ئۆيىنى سىزگە بېرەي، — دېدى ياشانغان ئايال.

— نېمە؟ ... سىزنىڭ ئوغلىڭىز بارمۇ؟

— ئوغلۇم بارتى، ناھايىتى كېلىشكەن، سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

— پۇل تېپىپ ئۆزۈمنىڭ كۈنىنى ئالغۇدەك بولغان كۈنى، مىننەتدارچىلىقتا تولغان ھېسسىياتىم بىلەن كېلىپ ئوغلىڭىزنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىمەن، — دېدى ۋاسىف. ئۇ يەنە مۇلايىملىق بىلەن، — مېنىڭ ئاپامۇ سىزگە ئوخشاش چىرايلىق ھەم ئاق كۆڭۈل ئىدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ۋاسىق بىر كۈنى بىر ماگىزىندا ئىشلەۋاتاتتى، بىرى كېلىپ مۇزىسىگە شاپىلاقلىدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئۇ سامى ئىدى. ۋاسىق ھەيران قالدى.سامى ۋاسىقنىڭ بىر تۈرمىدە ياتقان تۈرمىدىشى ئىدى.

— ۋۇي، سامىمۇ سەن؟

— ھەئە مەن، — دېدى ھېلىقى كىشى، — يەنە يۈز كۆرۈشتۇق، مەن بەك خۇشالمەن. تۈرمە مۇددىتىڭ توشقانمۇ؟

— شۇنداق دېيەلىگەن بولسام ياخشى بولاتتى، — دېدى ۋاسىق خورسىنىپ.

— سەن ھەمىشە ئۈمىدسىز يۈرۈيسەن، — دېدى سامى كۈلۈپ.

سامىنىڭ تۈرقىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر قاچان خۇشال يۈرەتتى، تۈرمىدىمۇ مۇشۇنداق ئىدى. لېكىن تۈزۈم بۇنداق «سىياسىئون» لارغا بەكرەك قاتتىق ئىدى.

— مېنى ئۈمىدسىز دەمسەن؟ قانداق قىلسام ئۈمىدلىك بولغان بولىمەن؟ تۈرمىدىن چىققاندىن بېرى ئىش تاپالماي يۈرىمەن، مانا ئالتە ئاي بولدى.

— راست، بۇ بولماپتۇ، — دېدى سامى، — مېنىڭ سېنى بۇنداق ئېغىر كۈندىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر ئامالىم بار.

سامى كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە:

— مەن كىمىسازلىق زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتىمەن. زاۋۇت خوجايىنى مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىكى ئاغىنەم. بۇ مۇناسىۋەت بولمىسا مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قىيىن كۈنگە قالغان بولاتتىم. زاۋۇتنىڭ شىپاخانىسىغا بىر خىزمەتچى ئالىدىغان

لىقنى بىلمەن ... ماۋۇ زاۋۇتنىڭ ئادرېسى. بۈگۈن تۆتتىن ئىلگىرى مېنى ساقلا. قانداق؟

— چاتاق يوق، — دېدى ۋاسىف سامىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئاندىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ،— رەھمەت ساڭا، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ۋاسىفنىڭ يۈرىكى مىننەتدارچىلىقتىن كۆپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى.

ۋاسىف چۈشتىن كېيىن زاۋۇت ئىشخانىسىدا سامىنى ساقلاپ ئولتۇردى.

ئۇ كالاتاغا بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، بەختلىك بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن خۇش ئىدى. ۋاسىف يوقسۇزچىلىقنى ئۆزى بىلەن ئورتاق كەچۈرۈۋاتقان قارا كەپكىلىك ھېلىقى باتۇر ياش ئايالنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى. ئۇ ۋاسىفقا بەخت توغرۇلۇق سۆزلىگەنىدى. ۋاسىف ئۇنى شۇنىڭدىن بېرى كۆرمىدى. شۇنچە ئۇزۇن بولدى، ئۇ ئۆزگىرىپ قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۇ بەختنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ داۋاملىق كوچا ئايلىنىپ يۈرەمدىغاندۇ؟

ۋاسىف قىزىل سىرلاقلىق ئۆيگە بېرىپ بۇ خەۋەرنى ھېلىقى شاپائەتچىسىگە دېيىشتىن ئاۋۋال قارا كەپكىلىك ھېلىقى ياش ئايالنى ئۇچرىتىپ قېلىش ئۈمىدىدە كاردىكىناي پىرىستانىغا قاراپ ماڭدى.

ياش ئايال پاراخوت كۈتۈش ئۆيىدە ئادەتتىكىدەك ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ۋاسىف ئۇنى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ھارغىن، مۇشۇنداق مەيۈس ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۈدەك، كۆزلىرىنى ئاچقۇ-

دەك رەۋىتى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى.

ۋاسىق ئۇ ياش ئايالغا يېقىنلاشتى.

— ياخشىمۇ سىز، — دېدى ۋاسىق.

ياش ئايال ۋاسىقنى ئەجەبلىنىپ قارىدى، ئۇنى دەماللىققا تونۇيالمىدى.

— ھە، سىزكەنسىزغۇ! ... دېدى ياش ئايال.

— قانداق، ھالىڭىز نىچۇك؟

ياش ئايال تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئازراقمۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. ياش ئايالنىڭ ھېچنېمىسى يوق بولسىمۇ، لېكىن شۇ قەدەر چىرايلىق ئىدى. ئىچى ئاغرىپ كېتىۋاتقان ۋاسىقتا، بۇ ياش ئايالغا نىسبەتەن ئۆزىدە بىر خىل يېقىنلىق ھېس - تۇيغۇ پەيدا بولدى.

— خىزمىتىڭىزدە بولۇشنى ئاھايىتى خالايمەن.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ياش ئايال زوممۇ زو كۈلۈپ.

ئۇ شۇنداق مەيۈس كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق پاراڭلاشقۇسى كەلدى، لېكىن ۋاسىق پېتىنالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ياش ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتتى، ياش ئايال ئورنىدىن تۇردى، ۋاسىقمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇردى. ياش ئايال دەلدەڭشىپ كېتىۋاتاتتى، ۋاسىقنىڭ ياش ئايالنى يۆلىۋالغۇسى كەلدى، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار ياندىشىپ بىر ھازا ماڭدى، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشمىدى. خان سارىيى يېنىدىكى دورما - باگسەن پىرىستانىغا كەلگەندە ياش ئايال توختىدى.

قاپقاراڭغۇ كېچە، ئۇلار دېڭىزنى كۆرەلمەيتتى، ئەمما دېڭىزنىڭ ئالدى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايتتى. ھاۋادىن يود بىلەن دېڭىز يۇسۇنىنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇلار لەۋلىرىنى يالىۋېدى، تۇزلۇق بىلىندى، بىر خىل رىتىمدا قىرغاققا تەكشى ئۇرۇلغان دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ شاۋقۇنىنى يىراقتىن ئاڭلىدى. دېڭىز تەرەپتىن كۆچلۈك شامال ئۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپىدە، دورما - باغسەن مەيدانى جايلاشقان ئېگىزلىكتە ئىستانبۇلدىكى ئەڭ ئاۋات رايوننىڭ چىراغلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئالدى تەرەپ قاپقاراڭغۇ ئىدى، دولقۇنلار بىلەن كۈچلۈك شامال گۈركىرەيتتى. تېخىمۇ يىراقتا، ئاسىياغا تەۋە دېڭىز قىرغىقى تەرەپتىكى ئۇ يەر - بۇ يەردە ياتقان چىراغلارنى ئارانچە پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

ئۇلار شۇ يەردە بىر - بىرىگە يېقىن، شۈك تۇرۇشاتتى. بىر چاغدا ياش ئايال ھارغىن تەلەپپۇزدا:

— توڭۇپ كەتتىم، — دېدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى. ۋاسىف چاپىنىنى سېلىپ ئۇنىڭغا يېپىنچاقلىتىپ قويدى ۋە قولىنى مۈرىسىگە قويۇپ ئەنسىرىگەندەك:

— مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياقەي ... قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

ياش ئايالنىڭ بۇ جاۋابى ئاددىي ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى. ۋاسىف ياش ئايالنىڭ ئۆكسۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىسكىلەنمەستىن ياش ئايالنى قۇچاقلىدى. ئۇلار شۇ تەقلىدتە تۇرۇشتى. كېيىن ياش ئايال يىغىدىن توختىدى.

دولقۇنلارنىڭ شاۋقۇنى، كۈچلۈك شامالنىڭ گۈركىرىشى بارغانچە ئەدەپ كەتتى.

ۋاسىف ئېڭىشىپ تۇرۇپ ياش ئايالغا:

— ئۇمىدسىزلەنمەيلى، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ. دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مەن بايا خىزمەت تاپتىم ...

— خىزمەت! — ياش ئايال ھەيران بولۇپ ۋاسىفنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى.

— ھەئە، — دېدى ۋاسىف، — بۇ ھەممە نەرسىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، لېكىن، مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكۈر.

ۋاسىف ياش ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇپ يەنە:

— يۈرۈڭ، ماڭايلى، ئاپئېقىم! مېھمانخانىدىن بىر ئېغىز ئۆي تېپىپ، ئاۋۋال سىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن، ئاندىن، تاماق يېگىلى بارىمىز ...

ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ بىر ھازا تۇرۇشۇپ كەتتى، ئاندىن قول تۇتۇشۇپ، ئىزغىرىدىن شامالنى يېرىپ شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

责任编辑：帕提古丽·米吉提
责任校对：吾买尔江

安卡拉的囚犯　（维吾尔文）
苏阿德·戴尔维希　著（土耳其）
牙生·斯依提　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂排版
哈密地区印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　7.125印张　1插页
1993年1月第1版　1997年12月第2次印刷
印数：5,001—100,00

ISBN7-228-02310-2／I·779　定价：6.50元

ISBN 7－228－02310－2
I·799（民文）定价：6.50元